بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني




4
2007

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم - مەدەنىيەت ژۇرنىلى

# «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسس قىلىنغانلىقىنىڭ






②


①





# 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر











جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2007-يىلى 8-ئاينىڭ 22-كۈنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمدا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن (1-سۈرەت)، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ نىڭ (2-سۈرەت)، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن (3-سۈرەت)، مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سىددىق ماجۇڭجى (4-سۈرەت) قاتارلىق رەھبەرلەر مۇھىم سۆز قىلدى. مۇراسىمغا يەنە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بارلىق مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 200دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. رەھبەرلەر مۇراسىمغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى (تەپسىلاتى 4-بەتتە).




(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى شەمسىددىن، سىددىق تارتقان)

# «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى ئۇۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالاقە يىغىنى ۋە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورلىرى، مۇشتەرى توپلاش، ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار ئورۇن، شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر







يىغىن 2007 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بېيجىڭ جىڭفېڭ مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 - مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې. مۇستاپا ياڭ جىبو. ئادىل ھاجى كېرەم، مەسلىھەتچىسى شەمشىدىن ھاجى قاتارلىق رەھبەرلەر ئىشتىراك قىلدى ۋە سۆزلىدى.






يىغىندا ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش. تارقىتىشتىكى 31 ئىلغار ئورۇن ۋە 32 نەپەر ئىلغار شەخس ۋەكىلىگە مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى.



ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى باھالاپ چىققان 6 نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورغا مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى.



تۇنجى قاراردا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا ئالاقىچى بولۇپ باھالانغان 34 نەپەر شەخسكە ئالاقىچىلىق كېنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى.





يىغىن ۋەكىللىرى گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ سۆھبەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. گۇرۇپپا يىغىنىدا ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەر، مۇنەۋۋەر ئاپتورلار. يەرلىك ژۇرنال ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى سىددىق، ئەنۋەر تارتقان)

بسم الله الرحمن الرحیم

الحمد لله رب العالمین الرحمن الرحیم

مالک یوم الدین ایاک نعبد

وایاک نستعین اهدنا الصراط المستقیم

صراط الذین انعمت علیهم غیر المغضوب

علیهم ولا الضالین

# مۇندەرىجە

## مەخسۇس سەھىپە


«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى ..............ئۆز خەۋىرىمىز (4)

دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى مۇبارەكلەپ يوللىغان تەبرىكنامە ۋە بېغىشلىمىلىرى .............................. (6)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك ھەيئەتنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى.......................(12)

"بىر تامچە سۇ پائالىيىتى" نى قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە.............................. (13)

تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش يولىغا مېڭىش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە.............................. (15)

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالاقە خىزمىتى يىغىنى ۋە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورلىرى، مۇشتەرى توپلاش، ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار ئورۇن، شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى..............................(18)

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالاقە خىزمىتى يىغىنى ۋە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورلىرى، مۇشتەرى توپلاش، ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار ئورۇن، شەخسلەر ........(19)

ئىسلام مەدەنىيىتى تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تەشەببۇسنامىسى ........(20)


## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى


ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى ..........ئىمامجان توختى(22)


## شەرىئەت ئەھكاملىرى


تەيەممۇم ھەققىدە سوئال-جاۋابلار ..............................
..........ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا (25)

سەپەرنىڭ ئەھكاملىرى ۋە ئەدەپ-ئەخلاقلىرى .....ئابدۇكېرەم ئوسمان (30)



المسلم الصيني





**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى**

**中国穆斯林**

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)

(ئومۇمىي 85-سان 总第85期)



**باش مەسئۇل:** ئادىل ھاجى كېرەم

**باش مۇھەررىر:** شەمشىدىن ھاجى

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ھاجى بارات رەجەپ

**تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:**

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

**مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:** شەمشىنۇر ھوشۇر

**主　管**: 阿地里江・阿吉克力木

**主　编**: 夏米西丁・哈吉

**副 主 编**: 巴拉提・热吉甫

**技术编辑**: 安瓦尔・穆罕默德

**封面设计**: 夏美希努尔・吾守尔



刊号 خەلقئارالىق نومۇرى : ISSN1007－5836

دۆلەت ئىچى نومۇرى : CN11－1346/B


邮发代号 : 58—167 : پوچتا ۋاكالەت نومۇرى

Q1720 : چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى

国外代号: Q1720

E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

# China muslim




2007

4

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېلېفون نومۇرى: 59313090، 59313021 - (010)
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:
ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون نومۇرى: 2572090 (0991)
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主　　办: 中国伊斯兰教协会
编辑出版: 《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷: 中央民族大学印刷厂
订阅、发行: 全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局; 《中国穆斯林》维文编辑部
地址: 北京市宣武区南横西街 103 号
邮编: 100053
电话: (010) 59313021, 59313090
新疆发行站:乌鲁木齐市延安路 119 号
邮编:830001 电话: (0991) 2572090
国外发行: 中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)


# مۇندەرىجە

## ئىسلام دىنى ۋە ئىبادەت


جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا سەپلەرنى رۇس قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ......................... ئابدۇقادىر ساۋۇت (34)


## ئىسلام دىنى ۋە ئىناق جەمئىيەت


ئىسلام دىنى ئىناق ئائىلە ۋە جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.................ئابدۇلئەھەد ھوشۇر(38)


## ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر


ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا.......ئامانۇللا ھىزبۇللا(43)
پەرزەنتلەرنى سەۋرچان، كەڭ قورساق قىلىپ تەربىيىلەش ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ...............ھەسەن داۋۇت(47)


## ۋەز-تەبلىغ


ئېتىقاد ۋە ئەمەللىرىمىزنى ئىلىم ئارقىلىق توغرىلايلى.....................مۇھەممەد ئابدۇرەھمان ھاجى (50)


## ئىسلام دىنى ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلە


ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى...... ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى (53)


## ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ-قائىدىلەر


ھاجەت قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى ......................... ياقۇپ ھەمدۇللا (62)


## ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز


مەشھۇر ئۆلىما قاسىم قارى ھاجى مەۋلىۋى ....... مۇھەممەتجان قۇتلۇق(66)


## ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتلىرى


ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى—مەدرىسە مۇستەنسىرىييە.................................. ئادىل ھاجى كېرەم (69)


## مەسچىت-مەدرىسلەر


كېرىيە دۆڭ مەدرىسە مەسچىتى........................ مەھمۇدجان سىدىق (71)

خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر، ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى، رامىزانلىق پائالىيەتلەر، تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار، قىسقا خەۋەرلەر.......................................... (75—79)
ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007-يىللىق سانلىرىدىكى مۇھىم ماقالىلەر مۇندەرىجىسى........ (80)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرىدىكى ئەبۇ ئاببباس ئەلمۇرسى مەسچىتى


بۇ سان 2007 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقتى

# «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، يىللاردىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش، ئالاقە خىزمىتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ژۇرنال تەشۋىقاتى، مۇنەۋۋەر ئاپتورلار، مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەزكۇر ژۇرنالنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەملەر مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرىشىت، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نيۇ ماۋشېڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان تەبرىكنامە، بېغىشلىما ھەمدە مەخسۇس تەبرىك ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مۇراسىمغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2 ـ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ نىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 ـ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن قاتارلىق ئالاقىدار مەسئۇللار ئىشتىراك قىلىپ يېتەكچىلىك قىلدى، ھەمدە يې شاۋۋېن، جۇ نىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر مۇھىم سۆز قىلىپ، ژۇرنالنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنالدىن كۈتىدىغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇراسىمدا يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې «يېرىم ئەسىر كۈز ـ باھار، يازدى گۈزەل يازمىلار، قۇرماق ئىناقلىق بابىدا، ياڭرىتتى يېڭى ناخشىلار — ‹جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى›ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىق مۇساپىسىدىن ئەسلىمە» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئۇ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىنىڭ 50 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلى 50 يىلدىن بېرى باشتىن ـ ئاخىر توغرا بولغان ژۇرنال چىقىرىش ئىدىيىسى ۋە ژۇرنال چىقىرىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ”ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش، توغرا بولغان جامائەت پىكرى ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتەكلەش، نادىر ماقالىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش“تىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىدا، ”دىنىدا دىنىنىڭ گېپىنى قىلىش“ پرىنسىپى ۋە ئالاھىدىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تونۇشتۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئۇچۇر، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش،

مەخسۇس سەھىپە

ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئىسلام دىنى ساھەسى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇپ، تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: 50 يىلدىن بېرى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلى ژۇرنالنى بارلىققا كەلتۈرۈپ نەشر قىلىش، ژۇرنال چىقىرىشنى توختىتىش، ژۇرنال چىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، ئۇنىۋېرسال ئىسلام مەدەنىيەت ژۇرنىلىغا ئۆزگىرىپ، پەۋقۇلئاددە بولغان 50 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ھازىرغا قەدەر «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى 168سان، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 84سان نەشر قىلىپ تارقىتىلدى، بۇ ئىككى ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانىنىڭ ئومۇمىي تىراژى 60مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىدە، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى يېڭى ۋەزىيەتتىكى پۇرسەت ۋە رىقابەتكە يۈزلەنگەن يېڭى ۋە مۇھىم بىر تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەردىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى تەرەققىيات تەلىپىگە قانداق ئۇيغۇنلىشىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتەك نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇش ۋە يېتەكلىك يارىتىشنى قانداق قانات يايدۇرۇش؛ ئىسلام دىنىنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى قانداق ياخشى ئېلىپ بېرىش؛ قانداق قىلىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇش؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۆز قۇرۇلۇشىنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش —— مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەم مۇشەققەتلىك بىر ۋەزىپىسى.

مۇراسىمدا ئوقۇرمەنلەرگە ۋاكالىتەن دىن مەدەنىيەت نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، «جۇڭگودىكى دىنلار» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى چېن خۇڭشىڭ، شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى مۇھەممەد ئىمىن سۆزگە چىقىپ، ژۇرنالنىڭ ئىسلام مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، مۇسۇلمانلارنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا يېتەكلەشتىكى تارىخىي بۆرچىنى ئادا قىلىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەرىپلەپ ئۆتتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن يىغىن خۇلاسىسىنى چىقاردى.

تەبرىكلەش مۇراسىمىغا يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بارلىق مۇئاۋىن رەئىسلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، بىر قىسىم ئۆلكىلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ۋە بۆلۈم مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى؛ تۇنجى قېتىملىق«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»(خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلى ئالاقە خىزمىتى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ۋەكىللەر، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورلىرى ۋە مۇشتەرى توپلاش، ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەن ۋەكىللىرى؛ مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئورگان ژۇرنىلى ۋەكىللىرى، ھەمدە بىر قىسىم ئالىم، ئوقۇرمەن، ئاپتورلار ۋەكىلى، مەركەزدىكى ئالاقىدار گېزىت، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى بولۇپ جەمئىي 200 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. رەھبەرلەر مۇراسىمغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. (ب)

## دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى مۇبارەكلەپ يوللىغان تەبرىكنامە ۋە بېغىشلىمىلىرى

## جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى يولداش خۇي لياڭيۈنىڭ تەبرىكنامىسى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا:

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە سىلەردىن سەممىي ھال سورايمەن.

50 يىلدىن بۇيان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى باشتىن-ئاخىر ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دىن ئىشلىرى خىزمىتى جەھەتتىكى يۆنىلىش، سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى جامائىتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئاكتىپ يېتەكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاج تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، تىرىشىپ دەۋر روھى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى زىچ ماسلاشتۇرۇپ، جامائەتچىلىكنى توغرا يېتەكلەش يۆنىلىشىنى چىڭ ئىگىلەپ، كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يۈكسەلدۈرۈپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ئاكتىپ رولىنى نۇقتىلىق نامايان قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خۇي لياڭيۈ

2007-يىل 6-ئاينىڭ 8-كۈنى

## مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ بېغىشلىمىسى

بىرلىكتە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ
مەڭگۈلۈك بەخت يارىتايلى

ئىسمائىل ئەھمەد
2007-يىل 8-ئاۋغۇست

共建和谐社会
谋求两世吉庆

司马义·艾买提
二〇〇七年八月八日

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش ليۇ يەندۇڭنىڭ تەبرىكنامىسى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا:


«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە ۋاكالىتەن، سىلەرنى ۋە سىلەر ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە سىلەردىن سەمىمىي هال سورايمەن.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى نامايان قىلىدىغان مۇهىم كۆزنەك بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارتىيىنىڭ دىن ئىشلىرى خىزمىتى جەھەتتىكى يۆنىلىش، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇهىم ئاخبارات بازىسى، پارتىيە بىلەن كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئالاقىلەشتۈرىدىغان كۆۋرۈك، ۋاستە. 50 يىلدىن بۇيان، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىرشىپ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ ھېكمەتلىرىنى دەۋر روھىغا ماس هالدا شەرهلەپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى جامائىتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا يېتەكلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يۇكسەلدۈرۈش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ياخشى باهاسىغا ئېرىشتى.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىكىدە ژۇرنال تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ئاچقۇچ قىلىپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، قوشۇن ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، ژۇرنال سۈپىتىنى ۋە سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈشىنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، جامائەتچىلىكنى توغرا يېتەكلەش يۆنىلىشىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىسلامىي ئىلىم - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىشىنى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا ساھەلىرىدە دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ياخشى قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، بىرلىك سەپ ۋە ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تېخىمۇ ياخشى چىقىپ، ئومۇمىيۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت قۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ليۇ يەندۇڭ
2007 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش بەي لىچېننىڭ بېغىشلىمىسى


维护民族团结，促进宗教和睦，构建和谐社会。
祝贺《中国穆斯林》杂志创刊五十周年
白立忱
二〇〇七年四月廿三日


مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، دىن ئىناقلىقىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلايلى!
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن.

بەي لىچېن

2007-يىل 4-ئاينىڭ 23-كۈنى

---

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئابلەت ئابدۇرىشىتنىڭ بېغىشلىمىسى


弘扬正道为和谐
团结进取谋发展
祝贺中国穆斯林杂志创刊五十周年
阿布来提·阿不都热西提
二〇〇七年六月六日

ئىناقلىق ئۈچۈن ھەق يولنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىيات ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى!
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن.

ئابلەت ئابدۇرىشىت

2007-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى

# ياڭرىدى ھەر ياندا ساز، يۈتيەن[1]مۇ بار بۇ نەغمىدە

— «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلايمەن.

(دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن)

بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ مۇنبىرى ۋە باغچىسى بىلەن تەمىنلەپ، ۋەتىنىڭ مەدەنىيەت نەغمە ناۋاسى ئىچىدە جۇڭگو ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى ناۋاسىنى ياڭراتقانىدى. 50 يىلدىن بۇيان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنىش، توختاپ قېلىش، ئەسلىگە كېلىش، تەرەققىي قىلىشتەك ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاجايىپ مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتتى. پەسىللىك ژۇرنالدىن (خەنزۇچە نۇسخىسى) قوش ئايلىق ژۇرنالغا تەرەققىي قىلدى، ژۇرنال خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل تىلدا نەشر قىلىندى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ كۆيۈنۈشى، نەچچە ئەۋلاد مۇھەررىرلەرنىڭ ھارماي-تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئىدىيە، ئەخلاق ئەنئەنىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان مۇھىم جامائەتچىلىك تەشۋىقات مۇنبىرى بولۇپ قالدى. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 50 يىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئۈمىدىنى يەردە قويماي، كەڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەدىكىلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك ياخشى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش جەھەتتە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى. ئۇنىڭ ھەر بىر بەت قۇرلىرىدا ئىپادىلەنگەن ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش روھى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە چوڭقۇر مۇيەسسەر بولدى. نۆۋەتتە ھەر بىر سان ژۇرنالنىڭ 60 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق تارقىتىلىشى بۇنىڭ دەلىلى.

ھەر بىر سان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى قولۇمغا ئالغىنىمدا ژۇرنالنى ئاچقان ھامان مەنپەئەتكە ئېرىشۋاتقانلىقىمنى دائىم ھېس قىلىمەن. ” ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف ھېكمەتلىرىنى شەرھلەش، مۆمىنلەرنىڭ تۇرمۇشىنى نەزەردە تۇتۇش، جامائەتنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئويغىتىش“ نى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى شۇكى، ئۇ چوڭقۇر ئىسلام مەدەنىيىتى قاتلىمىغا، قويۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىغا، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر ژۇرنال.

50 يىلدىن بېرى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىخىنى ئاكتىپ نامايان قىلىپ، مۇسۇلمان پېشۋالار ۋە قەھرىمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىش-ئىزلىرىنى مەدھىيىلەپ، مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ كەلدى.

مەن«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئارقىلىق ”ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر“ دېگەن ھەدىستىن خەۋەر

---

① ماقالىنىڭ تېمىسى ماۋزېدۇڭنىڭ «ۋەنشىشا»ماۋزۇلۇق شېئىرىدىن ئېلىنغان بىر مىسرا بولۇپ، بۇ يەردىكى ”يۈتيەن“ دېگەن سۆز شىنجاڭنى كۆرسىتىدۇ.

تاپتىم، بۇرھان شەھىدى: ”مۇشۇنداق ئۇلۇغ، شەرەپلىك ۋەتەندە ياشاۋاتقانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىشىمىز كېرەك، خۇددى ئۆز كۆزىمىزنى ئاسرىغاندەك ۋەتىنىمىزنى ئاسرىشىمىز كېرەك“ دېگەنىدى. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدىن شۇلارنى ئۇقتۇمكى، ئەپيۇن ئۇرۇشى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قاتارلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھايات-ماماتقا دۇچ كەلگەن ھالقىلىق مەزگىللەردە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش دەۋرلىرىدە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىن ۋەتەنگە ئۆزىنى بېغىشلىغان، ۋەتەننى گۈللەندۈرگەن زور بىر تۈركۈم قەھرىمانلار مەيدانغا كەلگەن.

50 يىلدىن بېرى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، دىندا دىنىنىڭ گېپىنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام مەدەنىيەت-ئىلىم تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاكتىپ تونۇشتۇردى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بەردى، ئىسلام مەدەنىيىتى بىلىملىرىنى تارقاتتى، ئىسلام سەنئىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلدى، ئىسلام ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئۆرگەتتى. مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق، ھەمكارلىق، ئوتتۇرا يول تۇتۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، ياخشىلىققا نەسھەت قىلىپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەش قاتارلىق ئىدىيىۋى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرەم كېڭەيدى. مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئارقىلىق مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرى جامائىتىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن، جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ۋە بۇلارغا مېھىر-مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى بىلدىم.

ئىناق جەمئىيەت ئىنسانلار ئىجتىھات قىلىپ ئىزدىنىدىغان جەمئىيەت غايىسى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىدە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى دەۋرنىڭ بۇ تومۇرىنى سەگەكلىك بىلەن چىڭ تۇتۇپ، ئىسلام دىنى ئەقىدە تەشەببۇسلىرىنىڭ ئىناق جەمئىيەت ئىدىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاكتىپ دەللىلەپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ دەۋر تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان ”يېڭى ۋەز-تەبلىغ“ لەرنى سۆزلىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى. مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئارقىلىق ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتىنىڭ نۇرى ئاستىدىكى يېڭى قىياپىتىدىن خەۋەردا بولدۇم، ئاخۇن-ئۆلىمالارنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف ئۈستىدە قىلغان، دەۋر تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىش تەلىپىگە ماس كېلىدىغان تەپسىر-شەرھلىرىدىن خەۋەردار بولدۇم، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقى، دىن ئىناقلىقى، مىللەت ئىناقلىقى، دۇنيا تىنچلىقىغا چوڭقۇر تەشنا ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولدۇم.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 50 يىللىق تىرمىشىش ۋە جاپالىق چېنىقىشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تېخىمۇ ۋايىغا يېتىش ۋە شانلىق نەتىجە يارىتىش مۇساپىسىغا قاراپ ماڭدى. نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ئاسانغا چۈشمىدى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئۇزاق مۇددەت جاپاغا چىداپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ كونا دوستى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ يېڭى مۇساپىسىدا يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجە قازىنىشىغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىنىڭ بىر كۆزنەك بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ،ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق نامايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ بىر چىراغ بولۇپ، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى دەۋر روھى بىلەن يورۇتۇشىنى، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئېسىل ئىسلام مەدەنىيىتى ئەنئەنىلىرى بىلەن يورۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ بىر يول بولۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلىشىنى، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ۋەتەننى، دىننى سۆيۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ بىر كۆۋرۈك بولۇپ، پارتىيە بىلەن كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى ئارىسىدىكى باغلىنىش ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىشىنى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى تونۇشۇش ۋە چۈشىنىشنى كۈچەيتىشىنى، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى كۈچەيتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 50 يىللىق تارىخى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەن بىلەن ھەممەنپەس، تەقدىرداش بولۇشتەك قىزغىن ھېسسىياتىنى چاقناتقان؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 50 يىللىق تارىخى يېڭى جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىشتەك تەرەققىيات لىنىيىسىنى كۆرسەتكەن؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 50 يىللىق تارىخى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۇنيا دائىرىسىدىكى ياخشى ئوبرازىنى نامايان قىلغان؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 50 يىللىق تارىخى جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مول ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن.

ياخشىدى ھەر ياندا ساز، يۇتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سەممىي ئۈمىدى، 20 مىليوندىن ئارتۇق جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سۆيۈنۈپ ئاسرىشى شۇنچە زور بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ناۋاسىنىڭ بارغانسېرى كەڭ ئەۋجىگە چىقىشىنى، بارغانسېرى ياڭرىشىنى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ۋە گۈزەل كەلگۈسىگە مۇيەسسەر بولۇشىنى كۆتۈشكە ھەقلىقمىز. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا بەرىكەت تىلەيمىز، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بەرىكەت تىلەيمىز.

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جايلاردىكى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، بىر قىسىم ئۆلكىلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ۋە بۆلۈم مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 86 كىشى يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2 ـ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ نىڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 ـ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن قاتارلىق ئالاقىدار مەسئۇللار ئىشتىراك قىلىپ يېتەكچىلىك قىلدى ۋە جياڭ جيەنيۇڭ، جۇ نىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر مۇھىم سۆز قىلدى.

بۇ قېتىمقى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتكە ۋاكالىتەن بەرگەن «ئىتتىپاقلىشىپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئورتاق ھالدا ئىناقلىق بەرپا قىلايلى» دېگەن دوكلاتىنى ئاڭلاش؛ «'بىر تامچە سۇ پائالىيىتى'نى قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە» ۋە «تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش يولىغا مېڭىش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۇەن رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ "ئىتتىپاقلىشىپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئورتاق ھالدا ئىناقلىق بەرپا قىلايلى" دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن خۇلاسە چىقاردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان ھەقىقىي ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىناقلىق ئىدىيىسىنى چوڭقۇر قېزىپ ۋە قانات يايدۇرۇپ، ئىسلام دىنى بىلەن ئىناق جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئاكتىپ ئىزدەندى؛ ئىسلام دىنى ئاممىۋىي تەشكىلاتىنىڭ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشتىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدە يېڭى ئوي ـ پىكىرلەرنى روياپقا چىقاردى؛ «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى يولغا قويۇشقا ماسلاشتۇرۇپ، جايلارنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى»، «ئىسلام دىنى خادىملىرى سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى»، «ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش

چارىسى» قاتارلىق ئۈچ چارىنى رەسمىي ئېلان قىلدى؛ ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتىنى مەركەز قىلىپ، دىنىي ئىشلار خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈردى؛ مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە «قۇرئان كەرىم» قىرائەت مۇسابىقىسىنى داۋاملىق ئۆتكۈزدى؛ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرگە نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى؛ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەتنى ئەللاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج پائالىيىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، 2006—2007-يىللىق ھەج خىزمىتى ۋە تۇنجى قېتىملىق ئۆمرە ھەج خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى؛ چەت ئەللەر بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشنى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن بىلەن بولغان ئالاقىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئىسلام دىنىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى قابىلىيىتى ۋە سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى؛ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنستىتۇت رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يىراق كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ، دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتى ۋە تەتقىقات خىزمىتىنى ئالغا سۈردى؛ ”ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈپ، تاشقى جەھەتتە ئوبراز تىكلەش“ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئومۇمىي يۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈردى. ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ يەنە ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“، ھەج تاۋاپ، ئىسلام ئىنستىتۇتى خىزمىتىدىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىنى مەركەز قىلغان بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەر توغرىسىدا پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ئىككى تەشەببۇسنامىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى. كۆپچىلىك ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەت نەتىجىلىرى ھەققىي ۋە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ھەمدە كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈچۈن يېتەكچى ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، دەپ قارىدى. دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يەنە: ئىككى تەشەببۇسنامە مۇسۇلمانلارنى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئەقىل-پاراستىنى ۋە كۈچىنى بېغىشلاشقا ئاكتىپ يېتەكلەش ھەمدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج تاۋاپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج تاۋاپ يولىغا مېڭىش ئىشلىرىدا مۇھىم يېتەكچىلىك رولى بولۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشىدۇ، دېيىشتى.

8-ئاينىڭ 21-كۈنى يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۇەن يىغىن خۇلاسىسىنى چىقاردى. (ب)

## ”بىر تامچە سۇ پائالىيىتى“ نى قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە

(جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدا ماقۇللانغان)

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

جۇڭگو كومپارتىيىسى 16-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-سانلىق ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى بىر قانچە چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدە قارار ماقۇللاندى. بۇ ”قارار“ ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ”قارار“دا دىنىنىڭ ئاكتىپچانلىق رولى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ ”دىنىنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاكتىپچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش“ تەلەپ قىلىنىدى.

ئىسلام دىنىمىز ئىناقلىققا ئىنتىلىدىغان دىن، ئىسلام دىنى ھەق ئەقىدىنى تەرغىب قىلىپ، ھەققانىيلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ياخشى ئىشقا ئۈندەپ، يامان ئىشتىن توسۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، نادانلىققا قارشى تۇرۇش، كەمبەغەل ۋە ئاجىزلارغا ياردەمدە بولۇش، ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، رەھىمدىل، كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆزگە ھاي بېرىپ، باشقىلارنى ئەپۇ

قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ مەسلىھەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، مۇلايىم، كەمتەر بولۇپ، ئوتتۇرا يول تۇتۇش قاتارلىقلارنى تەرغىب قىلىپ، ئىناقلىق روھىي بىلەن تولۇپ تاشقان. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگو كومپارتىيىسى 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ سانلىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ھەققىدىكى قارارىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق، ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدىيىسىنى قېزىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە باغلايدۇ.

مەركەزنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز شۇنى تەشەببۇس قىلىدۇكى: جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ھەربىر مەسچىت، ھەربىر ئىمام ـ خاتىپ ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان تۈپ روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا، ئۆزىنىڭ شەرت ـ شارائىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەر يىلى ئاز دېگەندە بىر تۈرلۈك ئەمەلىي ئىش قىلىشى كېرەك، بۇ ھەرىكەت ”بىر تامچە سۇ پائالىيىتى“ دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ پائالىيەت ئارقىلىق بىز مۇسۇلمانلار جەمئىيەت ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمىزنى ۋە تامچە ـ تامچە پائالىيەتلىرىمىزنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى چوڭ دولقۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

”بىر تامچە سۇ پائالىيىتى“ نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى:

1. ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش

ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىدىكى ئىدىيە ۋە ئەقىدە روھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىناقلىققا ئىنتىلىدىغان تۈپ روھىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئىمام ـ خاتىپلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ”ئىسلام دىنى ۋە ئىناق جەمئىيەت“ دېگەن تېمىدا ۋەز ـ تەبلىغ يېزىش ۋە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئائىت بىر پارچە ۋەز ـ تەبلىغ يېزىپ چىقىش ياكى بىر نۆۋەت ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەش ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىگە ئىسلام دىنىنىڭ ئىناقلىق قارىشى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلىش كېرەك.

2. ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش

قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

**ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار.**

——سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، 103 ـ ئايەت

ئىتتىپاقلىق كۈچ دېمەكتۇر، ئىتتىپاقلىق ئىناقلىقنىڭ ئاساسى. مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا يول تۇتۇش ۋە كەڭ قورساق بولۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشىمىغان پىرقە ـ مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىشى، مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىشى، ياكى تەشەببۇسكار بولۇپ، ئۆزى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىشى، ھەم مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشى، ھەم مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى، ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرگە، بىر نىيەتتە بولۇپ ھەمكارلىشىپ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

3. ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش

ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ سىياسىي ئاساسىدۇر. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىسلام دىنى ئىشلىرىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى دۆلىتىمىزنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈشى، ۋەتەن بىرلىكىنى، خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا بىر ياخشى ئىش قىلىشى كېرەك.

4. قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش

قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بىز چوقۇم قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشىمىز، بولۇپمۇ «دىن ئىشلىرى نىزامى» ۋە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن، قائىدە ـ نىزاملارنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى قانۇني ۋاستىلەر ئارقىلىق ھەل قىلىشىمىز، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم قارشىنى كۈچەيتىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىش جەھەتتە بىر ئىش قىلىشىمىز، چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشىمىز، ھەقلىق تەلەپلىرىمىزنى قانۇني يوللار بىلەن ئىپادىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى قانۇننىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق قوغدىشىمىز كېرەك.

5. ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش

"ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت"كە ئىنتىلىش، بىزدىن بۇ دۇنيالىق تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن تەرەققىياتنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەرەققىيات ئىناق جەمئىيەتنىڭ ئاساسى. بىز مۇسۇلمانلار "ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت" كە ئىنتىلىش ئىدىيىسى ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنى دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئاسان قولغا كەلمىگەن بۇ تارىخىي ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا يېتەكلەپ، ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق نىشانى، شۇنداقلا بىز ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىخىي بۇرچى. تامچە سۇلار يىغىلىپ كىچىك ئېقىن بولىدۇ، كىچىك ئېقىنلار يىغىلىپ دەريا بولىدۇ. دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ "بىر تامچە سۇ پائالىيىتى"نى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش يولىغا مېڭىش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدا ماقۇللانغان)

ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە بىزگە تەلىم بېرىپ ئېيتىدۇركى:

**قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى.**

—— سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 97 ـ ئايەت

ھەج قىلىش ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولۇپ، زور كۆلەملىك، ئاممۇۋي خاراكتېرلىك دىپلوماتىك دىنىي پائالىيەت. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا، مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەج قىلىشقا قادىر بولالىغان مۇسۇلمانلار كۆپەيدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقىلى 20 يىلدىن ئاشتى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا غەمخورلۇق قىلىشى ۋە كۆيۈنۈشى ئاستىدا، تەشكىللىك ھەج قىلىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، باشقۇرۇش ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، مۇلازىمەت سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. ھازىرغا قەدەر 100 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى تەشكىللىك ھەجگە قاتنىشىپ، پەرز ھەجنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىۋالدى.

ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ھەج پائالىيىتىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر قىسىم مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان بىر قىسىم قانۇنسىز تەشكىللىگۈچىلەر، ھەج قىلىشقا ئالدىراۋاتقان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى ساياھەت قىلىش، تۇغقان يوقلاش دېگەندەك ناملار بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا تارقاق ھەج قىلىشقا ئېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بەزى جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ شەرت ـ شارائىت چەكلىمىلىكىگە قارىماستىن ئۆزئارا بەسلىشىپ، بەس ـ بەستە ھەجگە بېرىپ، ھەج پائالىيىتىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى.

ھەج پائالىيىتىنىڭ نورمال، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ھەج قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، بىز شۇنى تەشەببۇس قىلىمىزكى:

**1. ھەج تاۋاپ— شەرتلىك ئادا قىلىنىدىغان دىنىي ئىبادەت بولۇپ، شەرتنى ھازىرلىغاندا ئاندىن ھەج قىلىشقا تىرىشىشقا بولىدۇ.**

ئىسلام فىقھىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، مۇسۇلمانلار ھەج قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك: بالاغەتكە يەتكەن، تېنى ساغلام، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش؛ ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇش، يەنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلغاندىن سىرت، ئائىلىسىگە ئاز دېگەندە بىر يىللىق تۇرمۇش خىراجىتىنى قويۇپ مېڭىشتىن سىرت يەنە يېتەرلىك ھەج راسخوتى بولۇش؛ يول ئەمىن، توسالغۇسىز بولۇش. تېنى ساغلام ۋە يېتەرلىك ئىقتىسادى بولۇش شەرتىنى ھازىرلىمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا، كېسەلگە گىرىپتار بولغان، مېيىپ، ئەما، ياشانغان، تېنى ئاجىز، تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلارنىڭ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. تۇتقاقلىق، دېۋەڭلىك كېسىلى بار، ئەقلى-ھوشى جايىدا ئەمەسلەرنىڭ ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتى تېخىمۇ بولمايدۇ. ئائىلىسىدە كېسەلچان كىشى بار، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى قىلالمىغان، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىنى تېخى ئادا قىلمىغانلارمۇ ئەتراپلىق ئويلىشىپ، ھالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈشى كېرەك. بىر تەقۋادار مۇسۇلمان چوقۇم قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ تەلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەج ئىبادىتىگە ئائىت شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىشى، بۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزىگە تەلەپ قويۇشى ۋە ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈشى، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى شەرتلەرگە ھەقىقىي ماس كەلگەندە ئاندىن ھەج قىلىشقا تىرىشىشى لازىم.

**2. ھەج تاۋاپ— ھەممىلا مۇسۇلمان ئادا قىلالايدىغان ئىبادەت ئەمەس، شۇنداقلا شەرتنى ھازىرلىغان مۇسۇلمانلارمۇ بۇ پەرزنى ئادا قىلىشنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ كۈتۈشى كېرەك.**

مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەج پائالىيىتى مەيدانىنىڭ چەكلىك بولۇشى ۋە نۆۋەتتە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈتۈۋېلىش شارائىتىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن، ھەر يىلى پۈتۈن دۇنيادىكى بىر مىليارد 300مىليون مۇسۇلماننىڭ پەقەت ئىككى مىليوندىن ئارتۇقراقى ھەج قىلىش مۇرادىغا يېتەلەيدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۆزئارا يول قويۇش، سەۋر قىلىش روھى بىلەن، خەلقئارالىق ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى چۈشىنىپ ۋە بۇلارغا ئەمەل قىلىپ، تەرتىپلىك ھالدا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ھەج قىلىشنى كۈتىدۇ. بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، گەرچە ھەج قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىغان بولساقمۇ، قۇرئان كەرىمدىكى: **"سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر"**(سۈرە«ئەنفال»(8-سۈرە)، 46-ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ھەج قىلىشىمىز، نورمال ھەج تەرتىپىنى قوغدىشىمىز لازىم. گەرچە بىر قىسىم كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ چاقىرىقى كەلمەي ھەج قىلالمىسىمۇ، شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، بىز تەقۋادارلىق بىلەن ھەج قىلىشقا نىيەت قىلغانلا بولساق، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا مۇشەررەپ بولالايمىز. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: **"بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق بولىدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ"**(بۇخارى توپلىغان) دەپ تەلىم بەرگىنىدەك، ئىخلاسمەن-تەقۋادار بولغان، ئەخلاق-پەزىلەتلىك، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ. بىر قېتىم ھەج قىلىپ بولغانلار، نۆۋەتنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى، تەكرار ھەج قىلماسلىقى كېرەك.

**3. تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلدۇرۇش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنگەنلىكى، بىز بۇنى تولۇق چۈشىنىشىمىز، قوللاپ قۇۋۋەتلىشىمىز ھەم قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك.**

ھەج قىلىشنى تەشكىللىك، پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇش پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئىزچىل قوللىنىۋاتقان بىر خىل ئۇسۇل، شۇنداقلا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەللەرگە قاراتقان بەلگىلىمىسى ۋە تەلىپىدۇر. مەملىكىتىمىزدە، تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ

نامايانلىسى، كەڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشى بولۇپ، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ۋە ئۆزۈن مۇددەتلىك مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ:" **ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار**"{سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 59 ـ ئايەت} دېگەن تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەج توغرىسىدىكى بۇ سىياسىتىگە ئىشىنىشىمىز ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە :"**ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن**" {سۈرە«قەسەس» (28 ـ سۈرە)، 77 ـ ئايەت} دېگەن تەلىمىنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، مىللىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ سەۋىيىمىزنى تېزدىن ئۆستۈرۈپ، گۈزەل ئىناق تۇرمۇش بەرپا قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

**4. "تۆتنى ھىمايە قىلىش"تا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە ھەج قىلىپ، تارقاق ھەج قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ھالدا توسۇشىمىز كېرەك.**

2005 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلىپ يولغا قويغان«دىن ئىشلىرى نىزامى»دا:"ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ھەج قىلىشىنى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى تەشكىلاتى تەشكىللەيدۇ" دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. دېمەك، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن باشقا ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ھەج قىلىشنى تەشكىللىشى قانۇنغا خىلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تارقاق ھەج قىلىشقا قاتنىشىشىمۇ قانۇنسىزلىق. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بىر قىسىم تارقاق ھەج قىلىشنى تەشكىللىگۈچىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىشقا بولغان ئىخلاسمەنلىكى ۋە تاقەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز پايدا ئۈندۈرۈۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، دۆلەت قانۇنىغا پەرۋا قىلماي، تۈرلۈك ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ، تارقاق ھەج قىلىشنى قانۇنسىز تەشكىللەش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتتى، ئۇلارغا زور ئىقتىسادىي زىيان ۋە جىسمانىي زەرەر يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارقاق ھەج قىلىش يەنە دۆلىتىمىزنىڭ تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش پائالىيىتىنىڭ نورمال تەرتىپىنى بۇزدى، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى" قانۇننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ھىمايە قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، خەلق مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىش" تا چىڭ تۇرۇپ، تارقاق ھەج قىلىشنى قەتئىي توسۇشىمىز كېرەك.

مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە، "**ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن**" ئىكەنلىكىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە ئىشىنىشى، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ھىمايە قىلىشى كېرەك.

بىر ياخشى مۇسۇلمان قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى پۇقرا بولۇشى كېرەك.

بىر ياخشى مۇسۇلمان ھەج قىلىمەن دەپلا، ھۆكۈمەتنىڭ ھەج قىلىش جەھەتتىكى قانۇن ـ بەلگىلىمىلىرىگە ئېتىبارسىز قارىماسلىقى كېرەك.

بىر ياخشى مۇسۇلمان ھەج قىلىمەن دەپلا، ۋەتەننىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك.

بىر ياخشى مۇسۇلمان ھەج قىلىمەن دەپلا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئوبرازىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك.

بىر ياخشى مۇسۇلمان ھەج قىلىمەن دەپلا ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ تەلىملىرىگە ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى كېرەك.

بىر ياخشى مۇسۇلمان تارقاق ھەج قىلىشنى توسۇشى، تەشكىللىك ھەج قىلىش يولىغا مېڭىشى كېرەك.

ئاخىردا، قۇدرەتلىك ئاللاھتىن بىزنى ھىدايەت يولىغا باشلاپ، مۇبارەك ھەج پەرزىنى ئوتۇشلۇق ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىۋېلىشىمىزغا مەدەت بېرىشىنى، بىزنىڭ تەقۋالىق بىلەن قىلغان دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلىشىنى تىلەيمىز—— ئامىن!

## «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالاقە خىزمەت يىغىنى ۋە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورلىرى، مۇشتەرى توپلاش، ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار ئورۇن، شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالاقە يىغىنى ۋە ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورلىرى، مۇشتەرى توپلاش، ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار ئورۇن، شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى بېيجىڭ جىڭفېڭ مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.ئېچىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 ـ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو، ئادىل ھاجى كېرەم، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ھاجى بارات رەجەپ قاتارلىقلار قاتناشتى. بىر قىسىم ئۆلكىلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرى تاللاپ ئەۋەتكەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىنىڭ ئالاقىچىلىرى، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئورگان ژۇرناللىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورلىرى، ژۇرنال تەشۋىقاتى، مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 80 كىشى يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا گو چېڭجېن، مۇستاپا ياڭ جىبو، ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىق رەھبەرلەر سۆز قىلىپ، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 50 يىللىق ئىش ـ ئىزلىرى ئارقىلىق، جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتى ئىشلىرىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق مۇساپىسىنى ھەقىقىي تۈردە يېزىپ چىققانلىقىنى، بارلىققا كېلىشى ئاسان بولمىغان، مۇشكۈللەرنى باشتىن كەچۈرگەن، ھەم تەسىرى چوڭقۇر، رولى زور بولغان مەزكۇر ژۇرنال مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم ـ مەدەنىيەت ژۇرنىلى، شۇنداقلا مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي تۈردىكى نۇقتىلىق ژۇرنال ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئادەتتىكىچە بولمىغان يىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، 50 يىللىق شانلىق، ئەگرى ـ توقاي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، خۇشاللىنارلىق ھەم مەدھىيىلەشكە لايىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 50 يىللىق تويىنى، جۈملىدىن تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالاقە يىغىنىنى چىن قەلبىدىن قۇتلۇقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە يىغىندىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. باشلىنىش مۇراسىمىنىڭ ئاخىرىدا ھاجى بارات رەجەپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 50يىللىق تويى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان سىلىشتۇرۇپ باھالاشتا ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 6 نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورى؛ ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىشتىكى 31ئىلغار ئورۇن ۋە 32 نەپەر ئىلغار شەخسنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى قارارنى ئوقۇپ ئۆتتى. مۇراسىمغا قاتناشقان رەھبەرلەر مۇنەۋۋەر ئاپتورلار، مۇشتەرى توپلاش ۋە تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىلىگە گۇۋاھنامە ۋە مىس لەۋھە؛ بىر قىسىم ئۆلكىلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرى تاللاپ ئەۋەتكەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىنىڭ ئالاقىچىلىرىگە ئالاقىچىلىك كىنىشكىسى تارقىتىپ بەردى.

يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن يىغىن ۋەكىللىرى گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ سۆھبەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. گۇرۇپپا يىغىنىدا ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەر، مۇنەۋۋەر ئاپتورلار ۋەكىللىرى ژۇرنالنى تەشۋىق قىلىش، مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش، ماقالە يېزىش قاتارلىق جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ھەمدە ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك، ماقالە تاللاش، سەھىپىلىرىنى ياخشىلاش ھەققىدە قىممەتلىك پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 13ئۆلكە، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى سۆھبەت يىغىنىدا ئۆز تەجرىبىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ھاجى بارات رەجەپ رىياسەتچىلىك قىلدى.

شەمشىدىن ھاجى يىغىن خۇلاسىسىنى چىقاردى. يىغىن ئاخىرىدا ۋەكىللەر «ئىسلام مەدەنىيىتى تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تەشەببۇسنامىسى» ماقۇللىدى. (ب)

## «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇكاپاتلىغان ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورلىرى ۋە مۇشتەرى توپلاش، ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەر

1. مۇنەۋۋەر ئاپتورلار (ئالتە نەپەر)

مۇھتەرەم ھاجى (شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ ياقۇپ ھەمدۇللا (مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىن)؛ شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد (شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن)؛ ئىسمائىل ياقۇپ (قەشقەر شەھرىدىن، مەسچىت ئىمامى)؛ ئابدۇكېرىم ئوسمان (يەكەن ناھىيىسىدىن، مەسچىت ئىمامى)؛ ئابدۇۋاھاپ مۇھەممەد (شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى).

2. مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىشتىكى ئىلغار ئورۇنلار (31 ئورۇن)

ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇندىن: شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى.

قەشقەر ۋىلايىتىدىن: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، مارالبېشى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، يېڭىسار ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى.

خوتەن ۋىلايىتىدىن: خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، قاراقاش ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، لوپ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، چىرا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، خوتەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، خوتەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، كېرىيە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، گۇما ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، باي ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ئونسۇ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، شايار ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، توقسۇ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ئاۋات ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى.

تۇرپان ۋىلايىتىدىن: تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، پىچان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، توقسۇن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى.

بايىنغولىن ئوبلاستىدىن: كورلا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى.

3. مۇشتەرى توپلاش، ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر (32 نەپەر):

1. ئالىم مىجىت (شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 2. مۇھەممەدئېلى مۇھەممەد ئىمىن (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 3. ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 4. ئىمىنجان ساۋۇت (يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 5. ئابدۇۋەلى مۇھەممەد (كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 6. نۇرمۇھەممەد ياسىن (مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 7. ئەنۋەر تۇردى (مارالبېشى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 8. ئەسقەر قۇربان (پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 9. ئابلەت قارىھاجى (قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 10. ئەسقەر ئابدۇغوپۇر (يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 11. نىجات غوپۇر (قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 12. مۇھەممەد ئەمەت (يېڭىسار ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 13. ياقۇن سىراجى (خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 14. تۇرسۇنتوختى مەمەتئىمىن (قاراقاش ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 15. تۇرسۇنتوختى مەمەتئىمىن (لوپ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 16. مەتربېھىم توختىنىياز (چىرا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 17. ئابدۇخالىق ئابدۇللا (خوتەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 18. ئىمىن تۇرسۇن (خوتەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 19. ئۆمەرجان روزى (كېرىيە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 20. ئابلەت ئالىم (گۇما ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 21. ئابدۇسالام تۇنىياز (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك

ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 22.تۇردى ھەسەن(باي ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)؛ 23.تۇرسۇنجان تۇنىياز(ئونسۇ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 24.ئەخمەت ئەبەيدۇللا(ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 25.رېھىم راخمان(شايار ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 26.قۇربان كېۋىر(توقسۇ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 27.ئابدۇن نىزامىدىن(ئاۋات ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 28.شاھىمەردان ئىمىنىياز(تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 29.ئېلى نەمدۇللا(تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 30.تۇرسۇن ئەلنىياز(پىچان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 31.ئابلىكىم ئېزىز(توقسۇن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ 32.ياسىن يۇسەن(كورلا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن).

## ئىسلام مەدەنىيىتى تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تەشەببۇسنامىسى

(«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تۇنجى نۆۋەتلىك ئالاقە خىزمەت يىغىنىدا ماقۇللانغان)

سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇھىم بىر ۋەزىپىسى بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئىسلاھات تەرەققىياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ مەزگىلگە كىرىشكە ماسلىشىشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ۋە ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش بىزدىن پۈتكۈل ئاممىنىڭ بۇ ئىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى، ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەرقايسى گېزىت-ژۇرنال، تور بېكەتلىرىمىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەشۋىقات ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسۇلمانلار جامائىتىنى يېتەكلەش ۋە توغرا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش جەھەتتە تولىمۇ مۇھىم رولغا ئىگە. شۇنداقلا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ۋە كۆيۈنۈشى ئاستىدا، يەنە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشتەك مۇقەددەس بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى تۇنجى نۆۋەتلىك ئالاقە خىزمەت يىغىنى تۆۋەندىكىدەك تەشەببۇسنامىنى چىقاردى:

1. دېموكراتىك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان، ئادىل، سەمىمىي-دوستانە، ھاياتى كۈچكە تولغان، خاتىرجەم-تەرتىپلىك، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق ئۆتىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئاكتىپ چۆرىدىگەن ھالدا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇش؛

2. دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇن، قائىدە-نىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان چوڭ ۋەزىيەتنى ھىمايە قىلىش، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىشانىسىدە چىڭ تۇرۇش، توغرا بولغان جامائەت پىكرىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى، جامائەت مەنپەئەتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش؛

3. ئىلغار ئىلمىي نەزەرىيە بىلىملىرىنى پائال تارقىتىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەخلاق مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش روھىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، مۇسۇلمانلاردا گۈزەل روھىي قەلب يارىتىپ، ئوقۇرمەنلەر ۋە توررداشلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك، ئېسىل ژانىرلىق، يۇقىرى سۈپەتلىك روھىي ئوزۇق ۋە ئۈچۈر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش؛

4. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تىرىشىپ تەشۋىق قىلىپ، تېجەشلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىدىكى بۇنىڭغا ئۇيغۇن ۋە ماس كېلىدىغان مەزمۇنلارنى پائال قېزىپ ۋە رەتلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك،

ئۆزئارا ماسلاشقان، سجىل تەرەققىيات قارىشىنى ھەر مىللەت مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىتىش ئۈچۈن تىرىشىش؛

5. مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، مۇسۇلمانلار رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا، مۇسۇلمانلار رايونلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ئىدىيە ۋە ئەخلاقلارنى پائال تەشۋىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ''ئوتتۇرا يول'' تۇتۇش ئىدىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، چەت ئەل ئەسەبىي ئىدىيىلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش، دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، قانۇن، قائىدە-نىزاملارغا، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپ كېلىدىغان، مەزھەپلەر ئارا ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان، شۇنداقلا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەخلاق مىزانىغا مۇخالىپ كېلىدىغان ئىدىيە ۋە كۆزقاراشلارغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش؛

6. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مەدەنىيەت تەشۋىقاتى ۋاستىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئۈستىگە ئېلىش، مۇسۇلمانلارنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا چۈشىنىشكە يېتەكلەش، قىسمەن مەنپەئەت بىلەن دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىش، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى ئەقىلگە ئۇيغۇن، قانۇنلۇق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەش؛

7. ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنىڭ ھەققىي، توغرا بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئاكتىپ قوغداش، ئىسلاھات تەرەققىياتىنىڭ مۇقىم چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئارا، مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، دىنلار ئارا، دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، مەزھەپلەر ئارا، مەزھەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى قوغداش؛ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە قوغداش، مەملىكىتىمىزنىڭ ياخشى خەلقئارالىق ئوبرازىنى قوغداش؛

8. كەسپىي ئەخلاقنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىنى ئۆلچەم قىلىپ، مۇسۇلمانلار مەدەنىيەت تەشۋىقات ساھەسىنىڭ تەلەپچان بولۇش ۋەدىسىنى ھەققىي تۈردە يولغا قويۇش، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ نازارەت قىلىشىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازى ۋە ئاممىۋى ئىشەنچىسىنى ئورتاق قوغداش؛

9. گېزىت-ژۇرنال چىقىرىش، تور بېكىتى قۇرۇشتا دۆلەتنىڭ ئاخبارات، نەشرىيات سىياسىتى ۋە قائىدە-نىزامىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تور ئۇچۇرى مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى ئاكتىپ قوغداش، تورداشلارنىڭ توردىن ئىلمىي پايدىلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، تور ئەخلاقى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاق، مۇقىم چوڭ ۋەزىيەت ۋە مىللەتلەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلارغا پايدىسىز بولغان زىيانلىق ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش؛

10. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە قوغداش، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىشنى تەشەببۇس قىلىش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار گېزىت-ژۇرناللىرى، تور ۋاستىلىرى ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتى تەشۋىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك رولنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشۇش؛

بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مەدەنىيەت تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئورتاق ۋەزىپىسى: ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش، مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئېچىش. بۇندىن كېيىنكى تىرىشىش نىشانىمىز: يېڭى ئىدىيىۋى پىكىر بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىمىزنى نامايان قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

# ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى

ئىمامجان توختى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنى قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ھىدايەتنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن نازىل قىلغان ئۆز كالامى قۇرئان كەرىمدە بىزگە كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

**بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن. كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر.**

— سۈرە «لوقمان»(31 ـ سۈرە)، 12 ـ ئايەت

**سەن يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن.**

— سۈرە«زۇمەر» (39 ـ سۈرە)، 66 ـ ئايەت

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، يەنى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ ئۇنىڭغا روھنى پۈۋلىگەن چاغدا ئادەم چۈشكۈرۈپ "ئەلھەمدۇلىللاھ" دەپ ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش بىلەن باشلانغان. شۈكۈر قىلىش ئىبادەتلەرنىڭ ئەۋزىلىدۇر، مالائىكىلەرنىڭ ئىبادەتلىرىدىندۇر، بۇرۇن ئارىختا ئۆتكەن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ئىبادەتلىرىدىندۇر، جەننەت ئەھلىنىڭ ئىبادەتلىرىدىندۇر. ئادەملەرنىڭ ئىككىنچى بوۋىسى دەپ سۈپەتلەنگەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ئاللاھ تائالا توپان بالاسىدا غەرق قىلىپ نۇھ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇسۇلمانلارنى تىنچ ـ ئامان قۇتقۇزغاندا، ئۇ ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**جىمى ھەمدۇسانا بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا خاستۇر.**

— سۈرە «مۆئمىنۇن »(23 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بارلىق مەخلۇقلارنى يىغىپ نىدا قىلىدۇكى:

**ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (بىر تەرەپكە) ئايرىلىڭلار.**

— سۈرە«ياسىن»(36 ـ سۈرە)، 59 ـ ئايەت

گۇناھكار بەندىلەر ئايرىلغاندىن كېيىن مۆمىنلەر ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىپ "جىمى ھەمدۇسانا بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا بولسۇن" دەيدۇ.

جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىدىغان ۋاقىتتا ئاللاغا شۈكۈر ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

**جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. جەننەت زېمىنىغا بىزنى ۋارىس قىلدى. جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى نېمىدېگەن ياخشى.**

— سۈرە«زۇمەر» (39 ـ سۈرە)، 74 ـ ئايەت

جەننەت ئەھلى جەننەتتە رىزىقلاندۇرۇلغاندا "جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر" دەپ شۈكۈر ئېيتىدۇ.

دېمەك، شۈكۈر قىلىش ھەر بىر بەندىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا نۇرغۇنلىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن ئادەمنى ئەڭ ھۆرمەتلىك قىلدى ۋە بىزنى شۇ ھۆرمەتلىك ئادەم ئەۋلادلىرىدىن قىلدى. ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى بارلىق ئېتىقادلاردىن ئۈستۈن ۋە توغرا دىن قىلىپ بىزنى مۇشۇ ئۇلۇغ دىندا بولۇشقا نېسىپ قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئۇممەتلىرىنى ئەۋزەل قىلدى ۋە بىزنى بۇ ئۇممەتلىرىدىن بولۇشقا نېسىپ قىلدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئىنسان تۇغۇلۇپ ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا يېيىش، ئىچىش، نەپەسلىنىشتىن تارتىپ باشقا ھاجەتلىرىگىچە ئاللاھ ياراتقان نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بارلىق شەيئىلەر ئىنسانغا بويسۇندۇرۇلغان بولىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەت بىر تەرەپتىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ شۈكۈر قىلىشقا ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

**كۆرمەمسەنكى، كېمىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن دېڭىزدا يۈرۈشى ئاللاھنىڭ سىلەرگە (ئۆز قۇدرىتىنىڭ) بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدا ھەر بىر سەۋر قىلغۇچى، شۈكۈر قىلغۇچى (بەندە ئۈچۈن ھەقىقەتەن) (چوڭ) ئىبرەت بار.**

—— سۈرە«لوقمان»(31 ـ سۈرە)، 31 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش تار ۋە كەڭ مەنىدىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش نېمەتنى ئاللاھ تەرىپىدىن دەپ ئېتىراپ قىلىش ۋە شۇ سەۋەبلىك ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشتۇر. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا ياراتقان ۋە ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئەسلەپ، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن شەرئەت يولى بويىچە بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەرنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە قىلىش، تىلنى، دىلنى ۋە باشقا ئەزالارنى ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردىن ساقلاش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

ئۇنداقتا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى قانداق بولىدۇ؟

1) ئىبادەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەر بىر بەندىنىڭ ئۆزىنى ياراتقان ئىگىسىنى تونۇش، ئۇنى كامالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ مەدھىيىلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش شۈكۈر قىلىش جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى ئاللاھ تائالا سۈرە«زۇمەر»(39 ـ سۈرە)نىڭ 7 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئەگەر كۇپپار بولساڭلار ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەتتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ كۇپپار بولۇشىغا رازى بولمايدۇ، ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ شۈكۈرۈڭلاردىن رازى بولىدۇ.**

2) ئاللاھنى ھەر قانداق شېرىكتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش، بىلىپ بىلمەي چوڭ ـ كىچىك شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش شۈكۈر قىلىش جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭغا دەلىل ئاللاھ سۈرە«زۇمەر» (39 ـ سۈرە)نىڭ 66 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

**سەن يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن.**

3) ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەپ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلىش، توسقاندىن يېنىش شۈكۈر قىلىش جۈملىسىدىندۇر.

ھەسەن رەھمەھۇللاھ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **"مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا: 'ئى رەببىم سەن ئادەمنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ياسىدىڭ ۋە ئۇنىڭغا روھنى پۈۋلىدىڭ، ئۇ ئادەمنى جەننىتىڭدە تۇرغۇزدۇڭ ۋە ئۇنىڭغا بارلىق مالائىكىلەرنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدۇڭ، ئاندىن مالائىكىلەر سەجدە قىلدى. مانا مۇشۇنداق كاتتا ئىنئاملىرىڭغا ئادەم قانداقمۇ شۈكۈر ئېيتىپ بولالار' دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: 'ئى مۇسا! ئادەم ئەگەر مانا مۇشۇ كاتتا ئىنئاملارنىڭ مەندىن بولغانلىقىنى بىلسە، ئاندىن ماڭا ھەمدۇسانا ئېيتسا، مانا مۇشۇ بۇ نېمەتلىرىمگە قىلىنغان يېتەرلىك شۈكۈردۇر'".**

ئىنسان جەمئىيەتتە ياشايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ تۇرمۇش، خىزمەت، ئۆگىنىش، سودا، كەسىپ، ئائىلە قاتارلىق تۈرلۈك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئارىسىدا بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئىنساننىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت ياكى سودا ۋە باشقا كەسپلەردە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولۇشى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشى، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك، ئائىلىسى بەختلىك بولۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ ئەھۋالدا ئىنسان ئاللاھنىڭ بەرگەن بۇ نېمەتلىرىگە قانداق شۈكۈر قىلىش كېرەك؟

بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ بىزگە يول يورۇق بېرىپ

ئەمر ئىبنى شۇئبە دىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئىككى خىسلەت بار، كىمكى بۇ ئىككى خىسلەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرسە ئاللاھ ئۇنى شۈكۈر قىلغۇچى، سەۋر قىلغۇچى دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ بىرى: بىر كىشى ئۆزىنىڭ دىنىدا ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە قارايدۇ، يەنى ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلغۇچى مۆمىن مۇتتەقى بەندىلەرگە قارايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. يەنە بىرى بولسا، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ دۇنيالىقىدا ئۆزىدىن تۆۋەن يەنى ئۆزىدىن ئاجىز، يوقسۇل، كەمبەغەل كىشىلەرگە قارايدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىدۇ". بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئاللاھ بىزگە بەخت، نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغاندا ھەرگىزمۇ غەلىبىمىزدىن كۆرەڭلەپ كەتمەي، كەمتەر بولۇپ ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەش يۈزىسىدىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىز شۈكۈر قىلىش جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، بىر قىسىم كىشىلەر بەزى ۋاقىتلاردا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆگىنىش، خىزمەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى، ياكى ئائىلە نىكاھ ئىشلىرىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشى ۋە ياكى سودىدا ئېغىر زىيان تارتىشى، پۈتۈن بايلىقىدىن مەھرۇم بولۇشى مۇمكىن. يەنە ھەرخىل تەبىئىي ئاپەت، ئېغىر قاتناش ھادىسىسى، كېسەللىك، ئۆلۈم ـ يىتىم قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى بەزى كىشىلەرگە ئېغىر مۇسىبەت يېتىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ كىشىلەر ئاللاھقا قايسى رەۋىشتە شۈكۈر قىلىدۇ؟ بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى قايسى؟ بۇ ھەقتە ئاللاھ تەبارەك ۋەتەئالا بىزگە يول كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

**رىزقنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.**


ــــ سۈرە «ئەنكەبۇت» (29 ـ سۈرە)، 17 ـ ئايەت

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنىڭ ئىشى كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن بىر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر؛ ئەگەر ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇلار بۇنىڭغا سەۋر قىلىدۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر". دېمەك، ھەر بىر ئىشىمىزنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، رىزقىمىزنى ئاللاھدىن تىلەپ، يەتكەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىپ، ئېرىشكەننى قەدىرلەپ، قولدىن كەتكەنگە پۇشايمان قىلماي ئاللاھنىڭ پەزلىدىن ئۈمىدۋار ھالدا تىرىشىپ ئىشلىشىمىز شۈكۈر قىلىش جۈملىسىدىندۇر.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىسەك، بىز ھەر قاچان دىنىمىزدا ياكى دۇنيالىقىمىزدا بولسۇن قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئۆزىمىزگە يول باشچى قىلىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى جان دىل بىلەن ئادا قىلىپ، چەكلىگەنلىرىدىن يېنىپ، ياخشىلىق ۋە نېمەتكە ئېرىشكەندە قەدىرلەپ ئۇنىڭ شۈكۈرانىسىنى ئېيتىپ، مۇسىبەت كەلگەندە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەي سەۋرلىك بولۇپ، خۇشاللىق ھەم قايغۇ چاغلىرىمىزدا ئوخشاشلا ئاللاھنى ئەسلەپ ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتالايدىغان ھەقىقى مۆمىن بولۇش ئۈچۈن تىرىششىمىز ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئىپادىلىرىدۇر.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىلەردىن بولۇپ، ئىككى ئالەملىك بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى! ئۇلۇغ ئاللاھ بارلىق مۆمىن قېرىنداشلىرىمىزغا ئېغىر مۇسىبەت كەلگەندە سەۋر قىلغۇچى تەن، ھەرقاچان ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى قىلغۇچى تىل ۋە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى دىل ئاتا قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# تەيەممۇم ھەققىدە سوئال-جاۋابلار

ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

س: تەيەممۇمنىڭ لۇغەت مەنىسى نېمە؟

ج: ’’تەيەممۇم‘‘ ئەرەب تىلىدىكى’’ تَيَمَّمَ ‘‘ دېگەن پېئىلنىڭ مەسدىرى(سۆز تومۇرى) بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى ئىرادە قىلىش، نىيەت قىلىش، مەقسەت قىلىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

س: تەيەممۇمنىڭ شەرىئەت مەنىسى نېمە؟

ج: تەيەممۇمنىڭ شەرىئەت مەنىسى ئىككى تاھارەتسىزلىك(غۇسلى قىلىش بىلەن ئادا بولىدىغان چوڭ تاھارەتسىزلىك ۋە تاھارەت ئېلىش بىلەن ئادا بولىدىغان كىچىك تاھارەتسىزلىك)نى يوقىتىپ، پاكلىنىشنى ئىرادە قىلىپ، پاك تۇپراقنى ياكى زېمىن جىنسىدىن بولغان نەرسىلەرنى شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن ئۇسلۇب بويىچە ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

س: تەيەممۇمنىڭ شەرىئەتتە يولغا قويۇلۇشىنىڭ دەلىلى نېمە؟

**شەرىئەت ئەھكاملىرى**

ج: تەيەممۇم ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىزگىلا ئاتا قىلغان بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى بولۇپ، ھىجرىيە 6 - يىلى بەنى مۇستەلىق جېڭىدە يولغا قويۇلغان. يەنى مۇشۇ قېتىمقى سەپەردە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولاپكىسىنى يۈتتۈرۈپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى ئۇنى ئىزدەش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلاردىمۇ ۋە ئەتراپتىمۇ تاھارەت ئالغۇدەك سۇ يوق ئىدى. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا تەيەممۇم ئايىتىنى نازىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**ئەگەر كېسەل(يەنى سۇ زىيان قىلىدىغان كېسەل بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى ھاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر).**

— سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 43 ـ ئايەت

تەيەممۇمنىڭ شەرىئەتتە يولغا قويۇلۇشى يەنە تۆۋەندىكى ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ماڭا ۋە ئۈممىتىمگە زېمىننىڭ ھەممە يېرى مەسچىت ۋە تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىغۇچى قىلىندى، ئۈممىتىمدىن بىر كىشى ناماز ۋاقتى كىرىپ قېلىپ، تاھارەت ئۈچۈن سۇ تاپالمىسا پاك تۇپراق سۇنىڭ ئورنىدا بولىدۇ" (ئەھمەد توپلىغان).

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "تۇپراق ئون يىل سۇ تاپالمىغان كىشى ئۈچۈنمۇ پاكلىغۇچىدۇر" (ئەھمەد توپلىغان).

س: تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ھېكمەت نېمە؟

ج: تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشىدا مۆمىنلەرگە مۇشەققەت سالماسلىق، ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى نىجاسەتلەردىن پاكلاش، سۇ تاپالمىغان ئەھۋالدا ئۇلارغا ئەڭ ئاسان يولنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاش، سۇنىڭ يوقلۇقىنى سەۋەب قىلىپ، نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلماسلىق باھانىسىنى يوققا چىقىرىش ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۆمىنلەرگە كامالىي نېمەت ئاتا قىلغانلىقىدەك ھېكمەتلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ.**

— سۈرە«مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت

س: تەيەممۇم قانداق شەرتلەر ئاستىدا دۇرۇس بولىدۇ؟

ج: تەيەممۇم سەككىز تۈرلۈك شەرت ئاستىدا دۇرۇس بولىدۇ:

1. نىيەت قىلىش: نىيەت قىلىش تاھارەتتە شەرت ئەمەس، لېكىن تەيەممۇمدا شەرت. چۈنكى سۇ ئۆز تەبىئىتى بىلەن پاكلىغۇچى، شۇڭا نىيەتكە موھتاج بولمايدۇ. تۇپراق بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئۆز ئەسلىدىن پاكلىغۇچى قىلىپ ئىشلىتىلمەيدۇ، شۇڭا بىر كىشى ئۆي ئۆرىگەن بولسا ياكى بوراندا قېلىپ يۈزى ۋە قوللىرى توپا ـ چاڭ بولۇپ كەتسە، بۇنىڭلىق بىلەن تەيەممۇم ھاسىل بولمايدۇ ۋە ناماز ئوقۇشقا ئەسلا بولمايدۇ. ئەمما بىر ئادەم غۇسلىنى نىيەت قىلماي سۇغا چۆمگەن بولسا غۇسلىسىغا كۇپايە قىلىدۇ. شۇنداقلا تاھارەتتە يۇيۇلىدىغان ئەزالارغا يامغۇر سۈيى تېگىپ ئۈستىدىن سۇ ئاققان بولسا، بېشىنى قولى بىلەن سۈرتكەن، يەنى مەسىھ قىلغان بولسا نىيەت قىلمىسىمۇ تاھارەتكە كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى تاھارەت بىلەن غۇسلىدا نىيەت قىلىش پەرز ئەمەس، بەلكى سۈننەت(ئەسكەرتىش: گەرچە بۇ تاھارەت ۋە غۇسلى دەپ ئېتىبارغا ئېلىنسىمۇ سۈننەت تەرك ئېتىلگەنلىكى ئۈچۈن كامىل تاھارەت ۋە كامىل غۇسلى دەپ قارالمايدۇ). تەيەممۇمدا نىيەت قىلىدىغان ۋاقىت — قولنى تەيەممۇم قىلىدىغان شەيئىگە ئۇرغاندا ياكى تۇپراقنى ئەزالىرىغا سۈرتكەن چاغدا بولىدۇ. شۇنى بىلىش لازىمكى، نىيەت قىلىش چوقۇم تەيەممۇم قىلغۇچىنىڭ ئەمەلگە ساۋاب بېرىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇسۇلمان، ئاقىل كىشى بولۇش ۋە نېمىگە نىيەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش شەرتى ئاستىدا بولۇشى كېرەك ھەمدە تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىشنى ۋە مۇشۇ تەيەممۇم ئارقىلىق ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، سەجدە تىلاۋەتكە ئوخشاش تاھارەتسىز دۇرۇس بولمايدىغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشنى نىيەت قىلىش لازىم.

بىر كىشى مەسچىتكە كىرىش، قۇرئاننى يادقا ئوقۇشتەك تاھارەت شەرت قىلىنمايدىغان ئىبادەتلەر ئۈچۈن نىيەت قىلىپ تەيەممۇم قىلسا، بۇ تەيەممۇم بىلەن نامازنى ئادا قىلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى

تاھارەت شەرت قىلىنمايدىغان ئىبادەتلەرگە قىلىنغان نىيەت تاھارەت شەرت قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرگە نىيەت بولالمايدۇ. ئەكسىچە بولسا، دۇرۇس بولىدۇ.

**2. تەيەممۇمنى مۇباھ(جائىز) قىلىدىغان سەۋەبنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شەرت.**

1) تەيەممۇم قىلغۇچى سۇ بار ئورۇندىن بىر مىل (يەنى 1855 مېتىر) يىراق بولۇشى لازىم. يېقىن ئارىدا سۇ بولۇش ئېھتىمالى بولسىلا ئىزدەپ بېقىشى ياكى ھەمراھلىرىدىن سورىشى ۋە ياكى سۇنى نورمال باھادا سېتىۋېلىش مۇمكىن بولسا سېتىۋېلىپ ئىشلىتىشى(يەنى شۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشى) لازىم.

2) كېسەل بولۇشى لازىم. يەنى سۇ ئىشلەتكەندە كېسەللىك بولۇش خەۋپى بولسا، ياكى كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتسە ۋە ياكى كېسەلنىڭ ساقىيىشى كەينىگە تارتىلىپ كەتسە بۇ خىل ئەھۋالدا تەيەممۇم قىلسا دۇرۇس بولىدۇ (يۇقىرىقى ئەھۋاللاردا چوقۇم دىيانەتلىك، تەقۋادار، تەجرىبىلىك دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بولۇشى لازىم). ئوپېراتسىيە قىلىنغان كىشىگە ئوخشاش سۇ ئىشلەتسە ھەرىكەتلىنىشتىن ئاجىز كەلسە ياكى ھەرىكەتلەنسە كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالسا تەيەممۇم قىلسا دۇرۇس بولىدۇ. قولى تۇتماس، پۇتى باسماس پالەچ كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆزى بىۋاسىتە تاھارەت ئالالمايدىغان كىشىلەر تاھارەت ئالدۇرۇپ قويىدىغان ئادىمى بولمىسا تەيەممۇم قىلىدۇ. ئەگەر تاھارەت ئالدۇرۇپ قويىدىغان ئادىمى بولسىمۇ ئەمما تاھارەت ئالدۇرۇپ قويۇشقا ئۇنىمىسا تەيەممۇم قىلسا جائىز بولىدۇ. ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: "سۇ بولسىمۇ ئۇنى سۇنۇپ بېرىدىغان ئادىمى بولمىغان كېسەل تەيەممۇم قىلىدۇ" (بۇخارى توپلىغان). ئۆزى بىۋاسىتە ياكى باشقىلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا تاھارەت ئېلىشقا ياكى تەيەممۇم قىلىشقىمۇ قادىر بولالمىغۇدەك دەرىجىدىكى كېسەل كىشى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئىككىسىنىڭ بىرىگە(تاھارەتكە ياكى تەيەممۇمغا) كۈچى يەتكۈچىلىك ئارىلىقتا نامازنى ئوقۇماي تۇرىدۇ.

3) بەدەننىڭ يېرىمى ياكى كۆپ قىسمى جاراھەتلەنگەن بولۇپ، جاراھەت باش قىسمىدا، يۈزدە، ئىككى قولدا بولسا، سۇ تەگسە زىيان قىلسا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ. ئەمما بەدەننىڭ كۆپ قىسمى ساق بولسا، ساق ئورۇننى يۇيۇپ جاراھەتلەنگەن ئورۇنغا مەسىھ قىلىدۇ. مەسھ قىلىشمۇ زىيان قىلسا قالدۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىر كىشىدە جاراھەت بولۇپ تېڭىلغان بولسا، تاھارەت ئېلىپ تېڭىق ئۈستىگە مەسىھ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى يۇيىدۇ" (بەيھەقى توپلىغان). ئەگەر جاراھەت قورساق قىسمىدا بولۇپ، سۇ ئىشلىتىش زەرەر يەتكۈزسە كۆپ قىسمى جاراھەتلەنگەن كىشىنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ، تەيەممۇم قىلىدۇ.

4) سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش سەۋەبىدىن ھالاك بولۇش ياكى كېسەل بولۇش ئېھتىماللىقى بولسا ۋە سۇنى ئىسسىتىدىغان نەرسە تاپالمىسا تەيەممۇم قىلىش جائىز. ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: "قاتتىق سوغۇق بىر كېچىسى ئېھتىلام بولۇپ قالدىم، ئەگەر غۇسلى قىلسام ھالاك بولۇپ كېتىشىمدىن ئېھتىيات قىلدىم ۋە تەيەممۇم قىلدىم، ئاندىن ھەمراھلىرىمغا بامدات نامىزىدا ئىمام بولۇپ بەردىم. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا ئۇلار ئۇنىڭغا شۇ ئىشنى ئېيتىشتى. رەسۇلۇللاھ: '**ئى ئەمر! سەن جۇنۇپ تۇرۇپ ھەمراھلىرىڭغا ئىمام بولدۇڭمۇ؟**' دېدى. مەن: '**ئاللاھ تائالانىڭ سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر**' دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم ۋە تەيەممۇم قىلىپ ئاندىن ناماز ئوقۇدۇم' دېدىم. **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ قويۇپ ھېچقانداق بىر نەرسە دېمىدى**" (ئەھمەد توپلىغان).

5) سۇ بار ئورۇندا دۈشمەن ۋە ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار بولۇپ، مال ـ مۈلكى ياكى جېنىغا خەۋپ يېتىشىدىن ئەنسىرىسە تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ.

6) بىر كىشىنىڭ يېنىدا ئازراق سۇ بولۇپ، ئۇنى تاھارەتكە ياكى غۇسلى ئۈچۈن ئىشلەتسە ئۆزى ياكى يېنىدىكى ئۇلاغنىڭ ئۇسسۇز قېلىپ ھالاك بولۇشىدىن ئەنسىرىسە تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىر

كىشى سەپىرىدە جۇنۇپ بولۇپ قالسا، يېنىدا ئازراق سۇ بولۇپ ئۇنى ئىشلىتىۋەتسە ئۇسسۇز قېلىشىدىن ئەنسىرىسە تەيەممۇم قىلسۇن" (دارىقۇتنى توپلىغان).

7) جىنازا نامىزى ياكى ھېيت نامىزىغا ھازىر بولغان كىشى تاھارەت ئالسا نامازغا ئۈلگۈرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىسە تەيەممۇم قىلىدۇ (ئەمما جىنازا نامىزىدا مېيىت ئىگىلىرى تاھارەت ئېلىۋالغۇچە كۈتۈپ تۇرىدۇ). چۈنكى بۇ نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىپ قايتا ئوقۇش شەرىئەتتە يولغا قويۇلمىغان. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ كىشى بىر جىنازا نامىزىغا تاھارەتسىز ھالەتتە ھازىر بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەيەممۇم قىلىپ جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەن(بەيھەقى توپلىغان). ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا نامازلاردا نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ تەيەممۇم قىلىشقا بولمايدۇ، تاھارەت ئېلىپ ئوقۇيدۇ.

**3**. تەيەممۇمنىڭ مۇنبەت تۇپراق، قۇم، تاشقا ئوخشاش زېمىن جىنسىدىن بولغان پاكىز شەيئىلەر بىلەن قىلىنىشى شەرت. شەرىئەتتە ئوتتا كۆيىدىغان، ئېرىيدىغان شەيئىلەر زېمىن جىنسىدىن دەپ قارالمايدۇ. شۇڭا ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن تەيەممۇم قىلىش جائىز ئەمەس.

**4**. قول ۋە يۈزگە چالا قويماي ئومۇمىيۈزلۈك مەسھ قىلىش (يەنى توپىغا ئۇرۇلغان قول بىلەن يۈز ۋە ئىككى قولنى جەينەككىچە سىلاش) شەرت. تەيەممۇم قىلغاندا قولدىكى ئۈزۈك ۋە بىلەيزۈكلەرنى ئېلىۋېتىش لازىم. شۇنداقلا بارماقلارنىڭ ئارىسىنى خىلال قىلىش(يەنى ئىككى قولنىڭ بارماقلىرىنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈش لازىم) لازىم.

**5**. تەيەممۇمدا مەسھ قىلىدىغان ئەزالارنى ئالقاننىڭ پۈتۈن دائىرىسى ياكى كۆپ قىسمى بىلەن سىلاش لازىم. ئۈچ بارماقتىن ئاز بىر قىسمى بىلەن سىلاش جائىز ئەمەس.

**6**. تەيەممۇمنى قولنىڭ ئالقىنى بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇپ قىلىشى شەرت.

**7**. تەيەممۇم قىلغۇچى ھەيز، نىفاس، چوڭ ـ كىچىك تاھارەتسىزلىككە ئوخشاش زىت ئامىللاردىن ئۈزۈلۈشى شەرت.

**8**. مايغا ئوخشاش توپىنىڭ تېرىگە يېتىشىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ماددىلارنىڭ بولماسلىقى شەرت.

**س: تەيەممۇمنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى قايسىلار؟**

ج: 1) تەيەممۇم قىلغۇچىنىڭ ئاقىل بولۇشى شەرت؛ 2) بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى شەرت؛ 3) مۇسۇلمان بولۇشى شەرت؛ 4) تاھارەتسىزلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شەرت؛ 5) ھەيز، نىفاسقا ئوخشاش تەيەممۇمغا زىت ئامىللارنىڭ بولماسلىقى شەرت؛ 6) تەيەممۇمنى جائىز قىلىدىغان ئۆزرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىلەن بىرگە ۋاقىتنىڭ تار بولۇشى شەرت؛ 7) تەيەممۇم قىلىنىدىغان پاك تۇپراقنىڭ تېپىلىشى شەرت.

**س: تەيەممۇمدىكى پەرزلەر قايسىلار؟**

ج: تەيەممۇمدا تۆت پەرز بار: 1) پاك تۇپراق تېپىش؛ 2) نىيەت قىلىش؛ 3) يۈزنى سىلاش؛ 4) ئىككى قولنى جەينىكى بىلەن قېتىپ سىلاش. ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بۈيۈك قۇرئان كەرىمدە مۆمىنلەرگە كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

**ئەگەر (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھ قىلىڭلار.**

سۈرە«مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت

**س: تەيەممۇم قىلىشنىڭ ئۇسۇلى قانداق؟**

ج: تەيەممۇم قىلماقچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن تەيەممۇم قىلىپ پاكلىنىپ ئىبادەت قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. ئاندىن ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىنى بەش بارمىقى بىلەن قوشۇپ يەرگە يېنىك ئۇرىدۇ. يۈزىنىڭ توپىغا مىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن قولىنى پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن يۈزىگە مەسھ قىلىدۇ. ئىككى قولىنى يەرگە يەنە بىر قېتىم يېنىك ئۇرىدۇ، ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن جەينەككىچە سول قولى بىلەن مەسھ قىلىدۇ. ئاندىن سول قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن جەينەككىچە ئوڭ قولى بىلەن مەسھ قىلىدۇ(مەسھ ئەزالىرىدا بىر تال چاچ مىقدارىدىكى ئورۇنمۇ مەسھ قىلىنماي قالماسلىقى لازىم).

**س: بۇ خىل تەيەممۇم قىلىش ئۇسۇلى غۇسلىدىمۇ ۋە تاھارەتتىمۇ بىردەك بولامدۇ؟**

ج: مەزكۇر تەيەممۇم قىلىش ئۇسۇلى غۇسلى ۋە تاھارەتتە بىردەك بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. ئەمما ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھ مېنى بىر ئىشنى ئورۇنلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى، مەن(سەپىرىمدە) جۇنۇپ بولۇپ قالدىم. يۇيۇنۇشقا سۇ تاپالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ توپىدا يۇمىلىغاندەك يۇمىلىدىم. سەپىرىمدىن قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھقا ئېيتتىم. رەسۇلۇللاھ: ”ئىككى قولۇڭنى يەرگە يېنىك ئۇرۇپ، ئاۋۋال يۈزۈڭگە مەسھ قىلىپ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇپ ئىككى قولۇڭغا جەينىكى بىلەن قوشۇپ مەسھ قىلساڭ كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟“ دېدى (مۇسلىم توپلىغان).

**س: تەيەممۇمدىكى سۈننەتلەر قايسىلار؟**

ج: 1) تەيەممۇم قىلىشتىن بۇرۇن ”بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم“ دېيىش؛ 2) تەيەممۇم قىلىش تەرتىپىگە رىئايە قىلىش، يەنى ئاۋۋال يۈزىگە، ئاندىن ئىككى قولىغا مەسھ قىلىش؛ 3) مەسھ قىلغاندا ئارقىمۇئارقا قىلىش؛ 4) تەيەممۇم قىلىشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”سىلەر كىيىم كىيگەندە ۋە تاھارەت ئالغاندا ئوڭ تەرىپىڭلاردىن باشلاڭلار“ (بۇخارى توپلىغان)؛ 5) مەسھ قىلغاندا قولنى جەينەككىچە ئاپىرىپ ئەكېلىش؛ 6) ئىككى قولنى توپىغا ئۇرغاندىن كېيىن ئەگەر تۇپراق سۈيۈق، يېپىشقاق بولسا پۇۋلىۋېتىش؛ 7) تەيەممۇم قىلغاندا بارماقلىرىنى يۇمۇۋالماي ئېچىپ تۇرۇپ مەسھ قىلىش؛ 8) ناماز ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن سۇنى تېپىش ئۈمىدى بولغان كىشى تەيەممۇمنى ناماز ۋاقتىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك كېچىكتۈرۈش. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”بىر كىشى سەپەردە جۇنۇپ بولۇپ قالسا، ناماز ۋاقتىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك سۇنىڭ تېپىلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ تەيەممۇمنى كېچىكتۈرىدۇ. ئەگەر سۇ تاپالمىسا تەيەممۇم قىلىدۇ“ (بەيھەقى توپلىغان).

**س: ناماز ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن تەيەممۇم قىلىپ، ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن شۇ تەيەممۇم بىلەن نامازنى ئادا قىلسا بولامدۇ؟**

ج: ناماز ۋاقتىدىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىۋالسا جائىز بولغىنىدەك نامازنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن تەيەممۇم قىلىۋالسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ ئىختىلاپىدىن چىقىش ئۈچۈن ناماز ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن تەيەممۇم قىلىش ئەڭ ئەۋزەل.

**س: بىر تەيەممۇم بىلەن بىر نەچچە نامازنى ئوقۇشقا بولامدۇ؟**

ج: بولىدۇ. لېكىن مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ ئىختىلاپىدىن چىقىش ئۈچۈن ھەر بىر ۋاق ناماز ئۈچۈن بىر تەيەممۇم قىلىش ئەڭ ئەۋزەل.

**س: نەپلە ناماز ئۈچۈن قىلغان تەيەممۇم بىلەن پەرز ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟**

ج: بولىدۇ.

**س: سۇ بىلەن تاھارەت ئالغان كىشى تەيەممۇم قىلغان كىشىگە ئىقتىدا قىلسا بولامدۇ؟**

ج: ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەبۇ يۈسۈپ رەھمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ.

**س: تەيەممۇم بىلەن ئادا قىلغان نامازنى سۇ تاپقاندىن كېيىن قايتا ئوقۇمدۇ؟**

ج: قايتا ئوقۇمايدۇ ۋە قازاسىنى قىلمايدۇ(يەنى سۇنى نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ياكى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تاپسىمۇ ئوخشاشلا قايتا ئوقۇمايدۇ).

**س: تەيەممۇمنى سۇندۇرغۇچى ئامىللار قايسىلار؟**

ج: 1) غۇسلى ۋە تاھارەتنى سۇندۇرغۇچى ئامىللارنىڭ ھەممىسى تەيەممۇمنى سۇندۇرىدۇ؛ 2) تەيەممۇمنى جائىز قىلغۇچى ئۆزرىنىڭ يوقىلىشى تەيەممۇمنى سۇندۇرىدۇ؛ 3) ناماز ئارىلىقلىرىدا تاھارەتكە يەتكۈدەك سۇنى كۆرۈش تەيەممۇمنى سۇندۇرىدۇ.

(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپلىرى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# سەپەرنىڭ ئەھكاملىرى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى

ئابدۇكېرىم ئوسمان

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ئۆز كالامى قۇدرىتى بىلەن ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى زېمىندا ئاپىرىدە قىلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ئىنسانلار ھەج قىلىش، ئۆمرە قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، سودا ـ تىجارەت قىلىش، ساياھەت، زىيارەت قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقان يوقلاش... قاتارلىق سەپەرلەردىن ئايرىلىپ باقغان ئەمەس. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش، ماددىي تەلەپ ـ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، بولۇپمۇ ئۆز دۆلىتى، ئۆز رايونى تەۋەسىگە سەپەر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ھۆكۈملىرىنى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى بىلىۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشى لازىم.

**1. سەپەرنىڭ ئەھكاملىرى**

**1 . نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش (يەنى تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنى ئىككى رەكئەتكە قىسقارتىپ ئوقۇش)؛** جانابىي ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**سەپەرگە چىققان ۋاقىتلاردا كۇپپارلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.**

—— سۈرە«نىسا»، **101** ـ ئايەت

بۇ ئايەت چۈشكەن ۋاقىتلاردا، بۇنداق ئەھۋال كۆپ يۈز بەرگەنىدى، كېيىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەم قىلدى. ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، يەئلا ئىبنى ئۇمەييە مۇنداق دېگەن: ''مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا: 'ئاللاھ تائالا: **‹سەپەرگە چىققان ۋاقىتلاردا كۇپپارلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ›** دەپتۇ. ئەمدىلىكتە ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلدى. نامازنى قەسرى قىلىپ(قىسقارتىپ) ئوقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇماي تولۇق ئوقۇساق بولمامدۇ؟' دېدىم. ئۆمەر ماڭا مۇنداق دېدى: 'مەنمۇ سەن ھەيران قالغاندەك ھەيران قالغان. رەسۇلۇللاھتىن سورىسام رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: **'سەپەر خاتىرجەم بولغاندىمۇ نامازنى**

قىسقارتىپ ئوقۇشىمىز ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان بىر سەدىقىسىدۇر. سىلەر ئاللاھنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار، "(مۇسلىم توپلىغان).

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھارىس ئىبنى ۋەھىيب خۇزائى مۇنداق دېگەن: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پېشىن ۋە ئەسرى نامىزىنى كىشىلەر ئەڭ كۆپ بولغان ۋە خاتىرجەم بولغان مىنادىمۇ قەسرى قىلىپ ئوقۇدۇم" («تەپسىر ئىبنى كەسىر»). پەيغەمبىرىمىز ھىجرەتنىڭ 10 ـ يىلى زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 25 ـ كۈنى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن مەككە مۇكەررەمەگە قاراپ ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مۇشۇ جەرياندا رەسۇلۇللاھ شۇنچە خاتىرجەم ئىدى. چۈنكى 100 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇنداق زور قوشۇننىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق رەسۇلۇللاھ نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇدى.

يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سەپەر ئۈستىدە نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇش ئاللاھنىڭ بۈيۈك مەرھەمىتى، زور ئىلتىپاتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ سۈننىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى سەپەر ئۈستىدە تۇرۇپ، مەن دېگەن ھازىر خاتىرجەم، ئىشىم ئالدىراش ئەمەس، قىيىنچىلىقىم يوق دەپ نامازنى قەسرى قىلماي تولۇق ئوقۇۋەرسە ئاللاھنىڭ سەدىقىسىنى رەت قىلغانلىق، ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلمىغانلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، بولۇپ، گۇناھكار بولىدۇ. ناۋادا بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولمىسا ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قاتارىدا بولمامدۇ؟(ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن). سەپەرگە چىققۇچى سەپەر قىلىپ باشقا ئەللەرگە، باشقا رايونلارغا بارغاندا ھەر قانچە خاتىرجەم بولسىمۇ، ھاۋا ـ كىلىماتىنىڭ، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرايدۇ، زېرىكىدۇ، ياتسىرايدۇ. ئۆز ئائىلىسى، بالا ـ چاقىسىدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئەنسىرەيدۇ. مانا بۇمۇ بىر خىل قىيىنچىلىق، خاتىرجەمسىزلىك.

كىمكى ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلىپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك مۇساپىنى ئوتتۇرھال مېڭىشتا باسسا(يەنى تەخمىنەن 80 كىلومېتىر ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق يول يۈرسە) مۇساپىر ھېسابلىنىپ بۇنداق كىشىگە جۈمە نامىزى، ئىككى ھېيت نامىزى ۋاجىپ بولمايدۇ. ئەگەر مەزكۇر 80 كىلومېتىر مۇساپىنىڭ سىرتىغا چىقماي ئۆيىگە قايتسا نامازنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك مۇساپىنى ئايروپىلان ياكى ماشىنا ئارقىلىق قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ بولسىمۇ يەنىلا مۇساپىر ھېسابلىنىدۇ («تەپسىر ئەھمەدىيە»).

2. بارغان يېرىدا ئاز دېگەندە 15كۈن تۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا، گەرچە بارغۇچە نامازنى قەسرى قىلغان بولسىمۇ، بارغان يېرىدا نامازنى تولۇق ئوقۇيدۇ. ناۋادا بارغان يېرىدە 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشنى نىيەت قىلماي، ئەتە قايتىمەن، ئەتە قايتىمەن دەپ بىر يىل تۇرۇپ قالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇيدۇ.

3. ئەگەر مۇساپىر كىشى يەرلىك، مۇقىم ئىمامغا ئىقتىدا قىلسا نامازنى تولۇق ئوقۇيدۇ. ئەگەر مۇساپىر كىشى ئىمام بولۇشقا توغرا كەلسە، ناماز باشلاشنىڭ ئالدىدا: "مەن مۇساپىر، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇيمەن. مۇقىملىرىڭلار نامازنى تولۇق ئادا قىلىڭلار" دەپ قويۇشى لازىم.

4. مۇساپىرنىڭ مەسگە مەسھ قىلىش مۇددىتى ئۈچ ـ كېچە كۈندۈز بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: " پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسگە مەسھ قىلىش مۇددىتىنى مۇساپىرغا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز، مۇقىمغا بىر كېچە ـ كۈندۈز قىلىپ بەلگىلەپ بەردى" (ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان).

5. سۇ يوق، سۇ ئىزدەشكە مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا تەيەممۇم قىلىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئەگەر كېسەل(يەنى كېسەلگە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى ھاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ، تەيەممۇم قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەپۇ**

**قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر(يەنى ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر).**

—— سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 43 ـ ئايەت

6. رامىزان كۈنلىرىدە سەپەر قىلغان كىشىلەر سەپەر ئۈستىدە قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا رامىزان روزىسىنى تۇتماي، كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تولۇقلىسا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە(يەنى مۇساپىر) بولۇپ، (روزا تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.**

—— سۈرە«بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 185 ـ ئايەت

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن رامىزان ئېيىدا ئاتلانغان بولۇپ، كەدىر دېگەن بۇلاقنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭمۇ روزا تۇتمىغانلىقى ۋە باشقىلارنىمۇ روزا تۇتماسلىققا بۇيرۇغانلىقى بايان قىلىنغان (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).**

7. ئۇلاغدا ياكى ماشىنىدا كېتىۋېتىپ نەپلە ناماز ئوقۇش جائىز؛ بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تۆگىنىڭ ئالدى قايسى تەرەپكە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نەپلە ناماز ئوقۇيتتى" (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).**

8. سەپەر ئۈستىدە پېشىن نامىزىنى ئەسرى نامىزى بىلەن، شام نامىزىنى خۇپتەن نامىزى بىلەن جۇغلاپ ئوقۇش جائىز. بۇ ھەقتە مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: **"بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تەبۇك غازىتىغا چىققان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن نامىزىنى ئەسرى نامىزى بىلەن، شام نامىزىنى خۇپتەن نامىزى بىلەن جەملەپ ئوقۇدى" (نەسەئى توپلىغان).**

### 2. سەپەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى

1. سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرغان كىشى باشقىلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەققىنى قايتۇرۇشى لازىم. چۈنكى سەپەردە كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بېرىشى مۇمكىن.

2. سەپەردىن قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆز ئائىلىسىنىڭ نەپىقىسىنى تولۇق تەييارلاپ بېرىش كېرەك.

3. سەپەر ئالدىدا ئىستىخارە نامىزى ئوقۇش لازىم. **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق ئىشتا ئىستىخارە نامىزى ئوقۇشنى خۇددى قۇرئان ئۆگەتكەندەك ئۆگەتەتتى** (بۇخارى توپلىغان).

4. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى ھايات بولسا ئۇلاردىن رۇخسەت سوراش كېرەك.

5. سەپەر ئۈچۈن ئالغان ئوزۇق ـ تۈلۈك ھالالدىن بولۇشى كېرەك.

6. ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ يارەنلىرى بىلەن خوشلىشىپ مېڭىش لازىم ھەمدە **"تاپشۇرۇلغان شەيئىلەر زايە بولۇپ كەتمەيدىغان ئاللاھقا سىلەرنى تاپشۇردۇم"** دېگەن دۇئانى ئوقۇش كېرەك. سەپەرگە چىققۇچىنى ئۇزاتقۇچىلار **"دىنىڭنى، ئىشەنچىڭنى ۋە ئىشىڭنىڭ تۈگەنچىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم"** دېگەن دۇئانى ئوقۇش كېرەك. **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقماقچى بولغان بىرەر ئادەم بىلەن خوشلاشقاندا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بۇ سۆزنى دەيتتى** (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

7. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ھەمراھىنى ياخشى تاللاش، يالغۇز سەپەر قىلماسلىق لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىشىلەر يالغۇز سەپەر قىلىشنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى مەن بىلگەندەك بىلسە ئىدى، ھەرگىزمۇ كېچىدە يول يۈرمەيتتى"** (بۇخارى توپلىغان).

8. سەپەرداشلار ئارىسىدىكى ئەڭ تەقۋادار، ئىشەنچلىك، پېشقەدەم، سەپەرنىڭ ئەھكاملىرىنى پىششىق بىلىدىغان بىر كىشىنى ئۆزىگە باشلىق سايلاپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە كىرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا سەپەر كۆڭۈللۈك، خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. سەپەرداشلارنىڭ بىخەتەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئۈچ كىشى سەپەرگە چىقسا بىرىسىنى باشلىق سايلىۋالسۇن"** (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

9. سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن ئىمكان بار پەيشەنبە كۈنىنى تاللىغان ياخشى، چۈنكى **"پەيغەمبەر**

**ئەلەيھىسسالام پەيشەنبە كۈنى سەپەرگە چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى»** (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

**10**. سەپەر قىلغۇچى ئۆزىنىڭ شەخسىي تازىلىقى، ئۆزى ئولتۇرغان قاتناشنىڭ تازىلىقىغا رىئايە قىلىشى لازىم. سەپەر قىلغۇچى قالايمىقان تۈكۈرمەسلىكى، ئەخلەت، شۆپۈك ـ شالتاقلارنى تاشلىماسلىقى، زەھەرلىك بۇيۇملارنى ماشىنىغا ئېلىپ چىقماسلىقى كېرەك.

**11**. سەپەرداشلار بىر ـ بىرىگە مەسئۇل بولۇش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش، ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، ئىناق ـ ئىتتىپاق مۇھىت بەرپا قىلىپ، سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇل سېلىش لازىم.

**12**. يۇرتتىن بىللە چىققان سەپەرداشلار خالىغانچە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماسلىق كېرەك.

**13**. سەپەر ئۈستىدە داۋاملىق دۇئا ـ تەلەپتە بولۇش لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«شەكسىز ئىجابەت بولىدىغان ئۈچ خىل دۇئا بار: بىرىنچىسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زالىم ئۈستىدىن قىلغان دۇئاسى؛ ئىككىنچىسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى؛ ئۈچىنچىسى، ئاتىنىڭ پەرزەنتىگە قىلغان دۇئاسى»** (تىرمىزى توپلىغان).

**14**. سەپەر ئۈستىدە بىرەر قونالغۇدا چۈشۈپ ئارام ئالماقچى بولغان ئادەم، قاتتىق ئۇخلاپ قېلىپ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىككى بىلىكىنى تىكلەپ، بېشىنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىدا قويۇپ ئۇخلاش كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى.

**15**. سەپەردىكى ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىراش لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«سەپەر دېگەن ئازابنىڭ بىر قىسمى، تاماقتىن، ئۇسسۇلۇقتىن، ئۇيقۇدىن قويىدۇ، قاچانكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار سەپەردىكى ئىشلىرىنى تاماملىسا دەرھال ئۆيىگە قايتسۇن»** دېگەن (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

**16**. سەپەردىن كەلگەن كىشى ئۆيىگە تۇيۇقسىز كىرمەستىن، ئالدىن بىرەر كىشىنى ئەۋەتىپ خەۋەر بېرىۋېتىپ ئاندىن كىرىشى كېرەك. مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سۈننىتى. چۈنكى ئۇزۇن مۇددەت سەپەرگە چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ ئايالى ئۆزىنى تۈزەشتۈرمەي تۇرغان ۋاقتىدا ئېرى كېلىپ قالسا، ئېرى ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئېرىنىڭ كېلىشىدىن خەۋىرى بولسا، ئېرى خالىغانچە كىرسە بولىدۇ (رىيازۇسسالىھىن).

**جانابىي ئاللاھ بارلىق ياخشى نىيەت، ئالىي مەقسەت بىلەن سەپەر قىلىۋاتقان، سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرغان مۇسۇلمانلارنىڭ سەپىرىگە ئاسانلىق ئاتا قىلىپ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكۈزگەي ـ ئامىن!**

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدىن، جۈمە مەسچىت ئىمامى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا

# سەپلەرنى رۇس قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

ئابدۇقادىر ساۋۇت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**نامازنى ئادا قىلىڭلار.**

—— سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 110 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا بىزدىن تەنھەرىكەتتەكلا شەكلەن نامازنى ئەمەس، بەلكى راۋۇرۇس نامازنى تەلەپ قىلغان. ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىكتىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ”سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، سەپلەرنى رۇس قىلىش نامازنى راۋۇرۇس ئوقۇشنىڭ بىرقىسمى“ دېيىش ئارقىلىق سەپلىرى رۇس بولمىغان نامازنىڭ ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان راۋۇرۇس ناماز بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن. بىز بۇنىڭدىن سەپنى رۇس قىلىشنىڭ نامازنىڭ ئاللاھقا يارىغۇدەك ناماز بولۇشىدا تاھارەت ئېلىش، بەدەن، كىيىم، ئورۇن قاتارلىقلارنى پاكىزلاش، ئەۋرەتنى يېپىش، قىبلىگە يۈزلىنىش قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. بىراق بىزنىڭ سەپكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز نامازنىڭ باشقا شەرتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە نىسبەتەن كۆپ تۆۋەن. بىز بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىسلەر بىلەن ئۆزىمىزنىڭ سەپكە بولغان تونۇشىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: **” ئەگەر كىشىلەر ئەزان بىلەن بىرىنچى سەپتە قانداق پەزىلەتنىڭ بارلىقىنى بىلسە، ئاندىن چەك تاشلىمىغۇچە قولغا كەلتۈرەلمىگۈدەك بولسا ئەلۋەتتە چەك تاشلاشقان بولاتتى. ئەگەر ئۇلار (جۈمە ۋە پېشىنگە) بالدۇر بارغانىنىڭ پەزىلىتىنى بىلسە كۈچىنىڭ بارىچە (جۈمە ۋە پېشىنگە) قاراپ ئىلگىرىلىگەن بولاتتى. ئۇلار خۇپتەن بىلەن بامدات(جامائەت بىلەن ئوقۇشتا )تا قانداق پەزىلەتنىڭ بارلىقىنى بىلسە ئۇ ئىككى نامازغا ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى“** دېگەن. بىز مۇشۇ ھەدىستىن بىرىنچى سەپتە ناماز ئوقۇشنىڭ تەرىپلىگۈسىز پەزىلەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بىز ئەسلەپ باقايلى! بىرىنچى سەپنى تالىشىپ چەك تاشلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالدىنقى سەپنى تالىشىپ باقتۇقمۇ؟ بىزنىڭ بىرىنچى سەپكە بولغان قىزغىنلىقىمىز قانچىلىك؟ ئىمام نەسائى نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە بەرا ئىبنى ئازىب مۇنداق دېگەن: **”رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپلەرنى بىر چەتتىن يەنە بىر چەتكىچە ئارىلاپ، بىزنىڭ مۈرە ۋە مەيدىلىرىمىزنى سىلاپ، (سەپلىرىمىزنى تۈزلەيتتى) ۋە ’ ئەگرى-بۈگرى تۇرماڭلار، ئەگرى- بۈگرى تۇرساڭلار دىللىرىڭلار بىر يەردىن چىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ ‘ دەيتتى“.** بۇ ھەدىستىن بىز ئىماملارنىڭ سەپلەرنىڭ رۇس بولماسلىقىدا زور مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ بارلىقىنى، بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق بولالماسلىقىمىزنىڭمۇ سەپلىرىمىزنىڭ رۇس بولمىغانلىقى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. چۈنكى نامازنىڭ سەپلىرىدە تەبىقە ئايرىماي، ئىجتىمائىي ئورۇن سۈرۈشتە قىلماي، ئىنتايىن زىچ تۇرۇلىدىغان بولغاچقا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك ئېڭى ئۆسۈپ ئىتتىپاقلىققا ۋە ئۆملۈككە بولغان

ئىسلام دىنى ۋە ئىبادەت

ئىنتىلىشى كۈچىيىدۇ. ناۋادا سەپ ئېگىز-پەس ۋە شالاڭ بولسا بۇنداق تەسىر تۆۋەن بولۇپ نامازدىن چىققاندىن كېيىنلا غەيۋەت قىلىشىدىغان، بىر-بىرىنىڭ پايدىسىغا ماتەم تۇتۇپ، زىيىنىغا كۈلىدىغان ناچار ئىللەتلەر ئەۋج ئالىدۇ ۋە ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىق پەيدا بولۇپ، كىشىلەر زېھنىي قۇۋۋىتىنى تەرەققىياتقا ئەمەس بەلكى بىر-بىرىگە تۇزاق قۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ: ”ئەگرى-بۈگرى تۇرماڭلار، ئەگرى-بۈگرى تۇرساڭلار دىللىرىڭلار بىر يەردىن چىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ“ دېگەن سۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىسىغا ماس كەلگەن ھەق سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز.

ئىمام بۇخارى نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ” ئەلۋەتتە سەپلىرىڭلارنى چوقۇم تۈز قىلىشىڭلار كېرەك !، سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلمىساڭلار ئاللاھ سىلەرنى بىر-بىرىڭلار بىلەن كېلىشەلمەيدىغان قىلىۋېتىدۇ“. بۇ ھەدىسمۇ سەپتە زىچ ۋە تۈز تۇرۇشنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئۈملۈكنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىمام نەسائى نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە ئىرباز ئىبنى سارىيە مۇنداق دېگەن: ”رەسۇلۇللاھ بىرىنچى سەپ(تىكىلەر)گە ئۈچ قېتىم، ئىككىنچى سەپ(تىكىلەر)گە بىر قېتىم (ئاللاھنىڭ) كۆيۈنۈشىنى تىلەيتتى“. بۇنىڭدىن بىر سەپ بولسىمۇ ئىلگىرى تۇرۇشنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ”ئالدىنقى سەپنى تولدۇرۇڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدىكى سەپنى تولدۇرۇڭلار، كەم قېلىشقا توغرا كەلسە ئاخىرقى سەپتىن قالسۇن“. بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئالدىمىزدىكى سەپتە بىز پاتقىدەك ئورۇن بولسىلا شۇ يەردە تۇرۇشىمىز، بىر قىسىم چوڭ مەسچىتلەردە ئالدىمىزدىكى سەپنىڭ بوش يېرى بىزدىن نېرى بولغان ئەھۋالدا شۇ يەرگە بېرىشنى ئېغىر ئېلىپ، كېيىنكى سەپتە تۇرىۋېرىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

ئىمام بۇخارى نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ”مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر كېچىسى بىللە ناماز ئۇقۇماقچى بولۇپ سول تەرىپىدە تۇرسام، رەسۇلۇللاھ مېنى بېشىمدىن تۇتۇپ ئارقىسىچە ئوڭ تەرىپىگە ئۆتكۈزدى“. مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئىقتىدا قىلغۇچى بىر بولسا ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تەڭ تۇرۇش كېرەك.

ئىمام مۇسلىم نەقىل كەلتۈرگەن بىر ھەدىستە جابىر ئىبنى سەمۇرە مۇنداق دېگەن ”رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ يېنىمىزغا چىقىپ بىزنىڭ بىرقانچە يۇملاق بولۇپ ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ، ’مەن سىلەرنى نېمانداق چېچىلاڭغۇ كۆرىمەن‘ دېدى. ئاندىن بىزنىڭ يېنىمىزغا يەنە چىقىپ ’خۇددى پەرىشتىلەر سەپ تۇتقاندەك سەپ تۇتساڭلار بولمامدۇ‘ دېۋىدى بىز: ’پەرىشتىلەر قانداق سەپ تۇتىدۇ؟‘ دېسەك، رەسۇلۇللاھ: ’پەرىشتىلەر ئالدىنقى سەپلەرنى تولدۇرىدۇ ۋە زىچ تۇرىدۇ‘ “ دېگەن. بۇ ھەدىستىن سەپتە تۇرغاندا قىستىلىشىپ زىچ تۇرۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىمىز.

ئىمام نەسائى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ”سەپلىرىڭلارنى زىچلاشتۇرۇڭلار، سەپلەرنىڭ ئارىلىقىنى يېقىن قىلىڭلار، بويۇنلارنى ئۇدۇل قىلىڭلار، ئىلكىدە مۇھەممەدنىڭ جېنى بار بولغان زات(ئاللاھ) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن مەن شەيتانلارنىڭ سەپلەرنىڭ شالاڭ يەرلىرىگە پاقلاندەك كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمەن“. بۇ ھەدىستە، سەپلەردە قىستىشىپ تۇرمىساق، بىر سەپتىكى ھەممىمىزنىڭ بويۇنلىرى ئۇدۇل بولغىدەك سەپنى تۈز قىلمىساق، سەپلەرنىڭ ئارىلىقلىرىنى ئالدىمىزدىكى سەپتىكى كىشىنىڭ تاپىنىنىڭ تۈۋىگە سەجدە قىلغۇدەك يېقىن قىلمىساق، بوش ئورۇنلارغا شەيتانلار كىرىپ، بىزنىڭ قالايمىقان خىيال سۈرۈشىمىزگە سەۋەبچى بولۇپ نامىزىمىزنىڭ ئاللاھقا يارىغۇدەك ناماز بولۇشىغا تەسىر يېتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد نەقىل كەلتۈرگەن بىر ھەدىستە نۇئمان ئىبنى بەشىر مۇنداق دېگەن: ”رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ ’سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار‘ دەپ ئۈچ

قېتىم دەۋېتىپ 'ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە سەپلىرىڭلارنى چوقۇم تۈز قىلىشىڭلار كېرەك، ئۇنداق قىلمىساڭلار ئاللاھ دىللىرىڭلارنى بىر يەردىن چىقمايدىغان قىلىۋېتىدۇ' دېدى ". نۇئمان ئىبنى بەشىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: "مەن مەلۇم بىر ئەرنىڭ مۈرىسىنى يېنىدىكى ئادەمنىڭ مۈرىسىگە، تىزىنى يېنىدىكى ئادەمنىڭ تىزىغا، ئوشۇقىنى يېنىدىكى ئادەمنىڭ ئوشۇقىغا چاپلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم". بىز بۇ ھەدىستىن رەسۇلۇللاھنىڭ سەپنى تۈز قىلىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، سەپلەرنى تۈز قىلمىغانلىقنىڭ قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ساھابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى نەقەدەر ئىجرا قىلىپ سەپتە قانداق زىچ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز ھەم ئۆزىمىزنىڭ سەپتە زىچ تۇرۇشقا قانچىلىك سەل قارىغانلىقىمىزنى، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەردىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: "سەپلەرنى تۈز قىلىڭلار، مۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب سىلەر پەرىشتىلەرنىڭ سەپلىرى بىلەن سېلىشتۇرغۇدەك سەپ تۈتۈشۈڭلار كېرەك، مۈرىلىرىڭلارنى ئۇدۇل قىلىپ، بوش ئورۇننى تولدۇرۇپ تۇرۇڭلار، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قوللىرىدا يۇمشاق بولۇڭلار، شەيتانلارغا يوچۇق قالدۇرماڭلار، كىم سەپنى تۇتاشتۇرسا ئاللاھ ئۇ ئادەمنى (رەھمىتىگە) تۇتاشتۇرىدۇ، كىم سەپنى ئۈزۈپ قويسا ئاللاھ ئۇ ئادەمنى (رەھمىتىدىن) ئۈزۈپ قويىدۇ".

بۇ ھەدىستىمۇ يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە ئوخشاش سەپنى تۈز قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەلەپ قىلىنىش بىلەن بىرگە يېنىمىزدىكى قېرىندىشىمىز سەپنى تۈزلەشنى كۆزدە تۇتۇپ "ئالدىدىراق تۇرسىلا ياكى ئارقىغىراق تۇرسىلا" دېسە ئاڭلىق ھالدا ماقۇل دەپ سەپنى تۈزلىشىمىز تەلەپ قىلىنغان ھەمدە يېنىدىكى ئادەمگە يېقىن تۇرماي سەپنىڭ ئۈزۈك بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قۇرۇق قالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: "بىر جامائەت ھەمىشە بىرىنچى سەپتىن كېيىن تۇرۇۋالىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئاللاھ دوزاخقا چېكىندۈرۈۋېتىدۇ". ئىمام ئەبۇ داۋۇد سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: " زىكرى (يەنى جۈمە كۈنىدىكى خۇتبە)گە ھازىر بولۇڭلار، ئىمامغا يېقىن تۇرۇڭلار، بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب ھەقىقەتەن بىر ئادەم زورۇقۇپ ئىمامدىن ھەمىشە يىراق تۇرىۋېرىدىغان بولسا ئۇ ئادەم جەننەتكە كىرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۇ ئادەمنى جەننەتكە كىرىشتە كېيىن قويىدۇ". بۇ ئىككى ھەدىستە ئالدىنقى سەپتە بوش ئورۇن تۇرۇپ كېيىنكى سەپتە ئولتۇرۇشنى كۆپ قېتىم سادىر قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىغا چۈشلۇق كۆيۈش ئۈچۈن دوزاخقا كىرگەن بولسا، مۇشۇ گۇناھىنىڭ تۈپەيلى دوزاختىن كېيىن چىقىدىغانلىقى، جەننەتكە كىرگەن تەقدىردىمۇ جەننەتكە كېيىن كىرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇڭا بىز ئالدىمىزدىكى سەپتىكىلەرنى سەل سىغداپ بولسىمۇ پاتالىغۇدەك بولساق شۇ سەپتە تۇرۇشىمىز لازىم.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: " ئىمامنى ئوتتۇرىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇڭلار، بوش قالغان يەرنى تولدۇرۇڭلار". ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: " سەپلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىلەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەر (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيدۇ". ئىبنى ماجە نەقىل كەلتۈرگەن بىر ھەدىستە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم)گە ھەقىقەتەن مەسچىتنىڭ سول تەرىپى بىكار قالىدى دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم): 'مەسچىتنىڭ سول تەرىپىنى ئاۋاتلاشتۇرغان كىشىگە ئىككى ھەسسە ئەجىر بار' دېگەن". بىز يۇقىرىقى ئۈچ ھەدىسكە ئاساسەن سەپكە كېلىپ تۇرغاندا ئىمامنىڭ ئىككىلا تەرىپىدە تۇرغان جامائەت تەڭ بولسا ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇشىمىز، ناۋادا سول تەرىپىدە

تۇرغانلار ئاز بولسا سول تەرىپىدە تۇرۇشىمىز، باشقا سەپلەرنى باشلىغاندىمۇ ئىمامنىڭ ئۇدۇلىدىن باشلاپ، ئوڭ ـ سولنى تەڭ قىلىپ تۇرۇشىمىز، بىر قاناتلىق قۇشتەك ئوڭ تەرەپتە ئادەم كۆپ، سول تەرەپتە ئادەم ئاز بولۇشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد مالىك ئىبنى بۇھەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:'' **ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنىڭغا ئۈچ سەپ مۇسۇلمان ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلار بولىدىكەن ئۇنىڭغا(ئاللاھ جەننەتنى) ۋاجىپ قىلىدۇ** ''. بىز بۇ ھەدىسكە ئاساسەن جىنازا نامىزى ئوقۇغاندىمۇ باشقا پەرز ناماز ئوقۇغاندەك سەپ ئايرىپ، سەپنى تۈز ۋە زىچ قىلىپ تۇرۇشىمىز لازىم. جىنازا نامىزى ئوقۇغاندا يىپ بازىرىدىكىدەك قالايمىقان تۇرىدىغان ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تەربىيە قىلىش رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئەھيا قىلىشنى شەرەپ بىلىدىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچى.

ئىمام تىرمىزى مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:'' **جۈمە كۈنى كىشىلەرنىڭ گەدەنلىرىدىن ئاتلىغان كىشى دوزاخقا بارىدىغان كۆۋرۈك سالغان بولىدۇ**''. بۇ ھەدىستىن نامازغا كېيىن كېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئۆتىمەن دەپ كىشىلەرنىڭ گەدەنلىرىدىن ئاتلاشنىڭ ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. شۇڭا ئالدىمىزدىكى سەپنىڭ ئالدىدىكى سەپتە بوش ئورۇننىڭ بارلىقىنى كۆرسەك ئالدىمىزدىكى كىشىدىن ئاتلىماي ئۇنىڭغا بوش ئورۇنغا يۆتكىلىش تەكلىپىنى بېرىپ، ئۇ يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇشىمىز لازىم. ئىمام بولغان تەقدىردىمۇ كىشىلەرنىڭ گەدەنلىرىدىن ئاتلاش توغرا ئەمەس. مېھرابقا ئۆتۈش زۆرۈر بولغان ئەھۋالدا يول ئېچىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈشىمىز كېرەك.

ئىمام نەسائى نەقىل كەلتۈرگەن بىر ھەدىستە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ''رەسۇلۇللاھ رۇكۇ قىلىۋاتقاندا مەسچىتكە كىرىپ، سەپكە بارمايلا رۇكۇ قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **'ئاللاھ سېنىڭ (نامازغا بولغان) قىزغىنلىقىڭنى تېخىمۇ ئاشۇرسۇن، بۇندىن كېيىن قايتا ئۇنداق قىلما!'** دېدى. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن سەپكە بارغۇچە بىرەر رەكئەتكە كەم ئۇلگۇرۇپ قالىمەن دەپ ئويلاپ سەپكە بارماي تۇرۇپ نامازغا شۇرۇ قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

ئىمام ئەھمەد نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستە ئەلى ئىبنى شەيبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ''رەسۇلۇللاھ(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم) سەپنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇ ئادەم نامازدىن يانغىچە ساقلاپ تۇرۇپ' **نامىزىڭنى باشقا ئوقۇ! بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب سەپنىڭ كەينىدە يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس**' دېگەن.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! مېنىڭچە بىز يۇقىرىقى ھەدىسلەر ئارقىلىق سەپ ھەققىدە بىرقەدەر ساۋاتقا ئىگە بولدۇق. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ھەقنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلمىغان كىشىلەرنى كىتاب كۆتۈرگەن ئېشەككە ئوخشىتىدۇ. ناۋادا بىز مۇشۇ ھەدىسلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ بىزنىڭ سەپلىرىمىزدە ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولمىسا ئاللاھ بىزنى كەچۈرمەيدۇ. مۆمىنلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۆزئارا ھەقنى تاپىلىشىش. شۇڭا بىز نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى تەرىپىمىزگە قاراپ، بىر ـ بىرىمىزگە ئىلگىرى ياكى كېيىن تۇرۇش توغرۇلۇق تەكلىپ بېرىپ، باشقىلارنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىپ، بىر ـ بىرىمىزگە يېقىن تۇرۇپ، شەيتانغا ئورۇن قالدۇرماي، سەپلەرنىڭ ئارىلىقىنى يېقىن قىلىپ، سەپنى راۋۇرۇس تۈزلىگەندىن كېيىن ئاندىن شۇرۇ قىلساق، جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتلىرىدىن بولغان قېرىنداشلىق مېھرىگە چۈمۈپ، باراۋەرلىك ئېڭىمىز ئۆسۈپ، ئىتتىپاقلىقىمىز كۈچىيىپ، نامازلىرىمىز ئاللاھ تەلەپ قىلغاندەك راۋۇرۇس ناماز بولۇپ، ياراتقان ئىگىمىزنى رازى قىلالايمىز.

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى ئۇستازى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنى ئىناق ئائىلە ۋە جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ

ئابدۇلئەھەد ھوشۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى ھەر قايسى جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك، ئەتراپلىق تەربىيىلەپ، ھەربىر شەخسنى جەمئىيەتكە يارامىلىق، پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدىغان، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلايدىغان، دوستلۇقنى كۈچەيتىدىغان، ئىتتىپاقلىقنى قوللايدىغان، ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى مۇستەھكەملەيدىغان، روھىي پاك، قەلبى پاك، ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇقەددەس دىن. بۇ دىنىنىڭ تەشەببۇس ۋە تەلىماتلىرى بىلەن ماڭغان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك، خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا دىنىمىزنىڭ ئاساسىي بولغان قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسقان ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ. ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەتلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىسلام دىنى ھەققانىي ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە ئىنسانىيەت مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ دىندا بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ۋە شەرەپلىك. ئەكسىچە بۇ دىندا چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىسىز ۋە زىيانلىق. بۇ بىر نەزەرىيە بولماستىن، رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقەتتۇر.

## 1. ئىسلام دىنى ئىناق ئۆتۈشنى تەرغىب قىلىدۇ

### ئىسلام دىنى ۋە ئىناق جەمئىيەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇركى:

**ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىڭىزدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل- چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.**

—— سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 36 ـ ئايەت

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتى كەرىمدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر تەرەپتىن بىزنى ئون تۈرلۈك ياخشى خىسلەت ۋە ئېسىل پەزىلەتكە ئەمر قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھىم بىر خەتەردىن چەكلىگەن، ئەڭ ناچار بىر خۇلقتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئەگەر بىز بۇلارنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، بۇ ئىشلارنىڭ ئائىلىنىڭ شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بىز تۆۋەندە بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ شەرھلەپ ئۆتىمىز:

**1**. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش: ”ئىبادەت“ دېگەن بەندىنىڭ ئاللاھقا بويسۇنۇشىنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، چەكلىمىسىدىن يېنىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىبادەت بەندىنىڭ روھىنى پاكلاپ، ئۇنى كىشى كۆرسۇن ياكى كۆرمىسۇن ئۆز ـ ئۆزىنى سورايدىغان، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، دىن ـ دىيانەتلىك پۇقرا بولۇشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان ئاكتىپ ئامىلدۇر.

2. ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك:
"شېرىك" — ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئەكسى بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بۇيرۇقىدىن كېيىنلا شېرىك كەلتۈرمەسلىك بىرگە كېلىدۇ، بۇ نۇقتىدىن ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش ئىسلام دىنىنىڭ نېگىزى دېيىشكە بولىدۇ.

3. ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش: قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە ئايىتىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش يانمۇيان بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن(يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن.**

— سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17 - سۈرە)، 23 - ئايەت

ئاللاھ تائالا يەنە شۇنداق دەيدۇ:

**(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.**

— سۈرە «لوقمان» (31 - سۈرە)، 14 - ئايەت

ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ئەڭ پاك مېھرى - مۇھەببەتتۇر، دۇنيادىكى ھەرقانداق مېھرى - مۇھەببەت ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆتەلمەيدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى قانچىلىك مۇشكۇللۇقتا بېقىپ قاتارغا قوشقانلىقى ھەممىگە مەلۇملۇق. شۇنداق بولغاچقا، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا مېھرى ۋاپا كۆرسىتىش قەدىمدىن تارتىپ بارلىق ئىنسانلار ئالقىش ياغدۇرىدىغان گۈزەل ئەخلاق بولۇپ كەلگەن. بۇ نۇقتىدىن ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئىناق ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئۇل تېشى دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

4. خىش - ئەقرىبالارغا ياخشىلىق قىلىش:
"خىش - ئەقرىبالارغا ياخشىلىق قىلىش" دېگەندە ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، تاغا، ھامما، نەۋرە - چەۋرە قاتارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارغا قولدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا نىسبەتەن قورساقنى تېخىمۇ كەڭ تۇتۇش، ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈش، گەپ - سۆزگە دىققەت قىلىپ، ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش بىر ئائىلە ۋە بىر جەمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. ئەگەر ئائىلە ۋە بىر جەمەت ئۆزئارا ئىناق ئىتتىپاق بولسا، بۇ ئىناقلىق پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەتتا بىر دۆلەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق بولۇشىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە شۇنداق دەيدۇ:

**سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى)كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.**

— سۈرە «نىسا» (4 - سۈرە)، 1 - ئايەت

5. يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلىش: يېتىملىك، بىز خالايلى ياكى خالىمايلى ئىنسانىيەت ئالەمىدە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بىر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت. ئەگەر ھەرقانداق بىر شەخس ياكى جەمئىيەت يېتىملەرگە كۆڭۈل بۆلمىسە، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىگە سەل قارىسا، ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋىتى ھەممىگە ئورتاق بولىدۇ. يېتىملەر ھەققىدىكى بايانلارنىڭ قۇرئان كەرىمدە قەيت قىلىنغانلىقى يېتىملەرنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كۆيۈنۈشكە، ئەھمىيەت بېرىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەرنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. قۇرئان كەرىمدە شۇنداق دېيىلىدۇ:

**يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر، ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان(ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن)چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم)تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى.**

— سۈرە «ئەنئام» (6 - سۈرە)، 152 - ئايەت

**ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ.**

— سۈرە «ئىنسان» (76 - سۈرە)، 8 - ئايەت

**6. مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىش:** "مىسكىن" دېگەن ئەقەللىي تۇرمۇشىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولمىغان كىشىلەر بولۇپ، مىسكىنلەرگە پۇل ـ مال سەدىقە قىلىش، ھەرخىل تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىئانە قىلىش، بېرىدىغان پۇلى بولمىسا ياخشى سۆزى ئارقىلىق بولسىمۇ ئۇلارغا خەيرى خالىق قىلىش مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ.

**7. يېقىن قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش:** "يېقىن قوشنا" دېگەندە تام قوشنا، نەسەب جەھەتتىن يېقىن قوشنا ياكى دىنىي قېرىنداشلىق جەھەتتىن يېقىن قوشنا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**8. يىراق قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش:** "يىراق قوشنا" دېگىنىمىزدە گەرچە بىز ئۇرۇق ـ تۇغقان بولمىساقمۇ يېنىمىزدا بىرگە تۇرغان، بىرگە ياشاۋاتقان بارلىق كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىنىمىز قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى كۈچلۈك تەرغىب قىلىدىغان دىن بولۇپ، ھەتتا مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن بولغان قوشنىلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"جىبرىئىل ماڭا قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا ھەتتاكى مەن ئۇنى قوشنىلارنىمۇ مىراسخور قىلىپ قويارمىكىن دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالغۇدەك دەرىجىدە نەسىھەت قىلاتتى"** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن ۋە كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن، كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن"** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

**9. ياندىكى ھەمراھقا ياخشىلىق قىلىش:** "ياندىكى ھەمراھ" دېگەندە سەپەرداش، ساۋاقداش، خىزمەتداش، سورۇنداش قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنداقلا يەنە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئېيتىدۇركى: "ئەر كىشىگە نىسبەتەن ئايالى ھەم ياندىكى ھەمراھ ھېسابلىنىدۇ".

ئىسلام دىنى ئاياللارنى ھۆرمەتلەشنى، ئۇلارغا كۆيۈنۈشنى ۋە قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندۇر. بۇ ھەقتە قۇرئانى كەرىمدە شۇنداق دېيىلىدۇ:

**ئى مۆمىنلەر! ... ئۇلار(ئاياللار) بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار.**

—— سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 19 ـ ئايەت

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەخلاقى ياخشى بولغانلىرى ئىمانى ئەڭ كامىل بولغان كىشىلەردۇر. سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلار ئەڭ ياخشى كىشىلىرىڭلاردۇر"** (تىرمىزى توپلىغان).

**10. مۇساپىرغا ياخشىلىق قىلىش:** مۇساپىر دېگەندە يات يۇرتقا بېرىپ مەلۇم سەۋەبلەردىن پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**11. قول ئاستىدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىش:** "قول ئاستىدىكىلەر" دېگەندە مەلۇم شەخسنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئىشلەمچىلەر ۋە ئەينى دەۋردىكى قۇل ـ چۆرىلەر كۆزدە تۇتۇلغان. تەبىئىيكى جەمئىيەتتە كىشىلەر بىر ـ بىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ، بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھالال مېھنىتى بىلەن باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدۇ. لېكىن جەمئىيىتىمىزگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىگە ھالال مېھنىتى بىلەن ئىشلەپ بەرگەن خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ھەرخىل باھانە كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ ياكى ئارقىغا سۈرىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق قىلمىشلار كىشىلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئېغىر پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئەڭ كۆپ قىلغان ۋەسىيىتى **' نامازغا ۋەسىيەت قىلىمەن، قول ئاستىڭلاردىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىمەن '** دېيىشتىن ئىبارەت ئىدى" (ئىمام ئەھمەد توپلىغان).

12. تەكەببۇرلۇقنىڭ ھارامىلىقى: كەمتەرلىك بولسا ھەممە كىشى مەدھىيىلەيدىغان بىر گۈزەل ئەخلاق. ئۇنىڭ ئەكسىچە تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق كىشىلەرنى يىرگەندۈرىدىغان ناچار خۇلق ھېسابلىنىدۇ. تەكەببۇر كىشى ماھىيەتتە ئۆزىنى ئاللاھقا تەڭلەشتۈرىدىغان، باشقىلارنى مەنسىتمەيدىغان، كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدىغان بولغاچقا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولغان. تەكەببۇر ئادەمنىڭ ئىبادەتلىرىدە سەممىي ئېتىقاد بىلەن يۇغۇرۇلغان خالىسلىق بولمىغاچقا، ئاللاھقا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلمايدۇ. تەكەببۇر ئادەم ئۇرۇق تۇغقانلىرىغا، قولۇم - قوشنىلىرىغا، شۇنىڭدەك دوست - بۇرادەرلىرىگە ياخشىلىق قىلمايدۇ. دېمەك تەكەببۇرلۇق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك ئىناق جەمئىيەت ۋە ئىناق ئائىلە قۇرۇش يولىدىكى بىر توسالغۇدۇر.

## 2. ئىسلام دىنى مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەنمۇ ئىناق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ، تەپرىقىچىلىك ۋە دۈشمەنلىشىشكە قارشى تۇرىدۇ. ئىناق، ئىتتىپاق بولۇش جەمئىيەت تىنچلىقىنىڭ ئاساسى، بىر دۆلەتنىڭ ۋە بىر خەلقنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە شۇنداق دەيدۇ:

**ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار! ئايرىلماڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىللىرىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.**

—— سۈرە «ئال ئىمران» (3 - سۈرە)، 103 - ئايەت

**ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.**

—— سۈرە «ھۇجۇرات» (49 - سۈرە)، 13 - ئايەت

ئالدىنقى ئايەتى كەرىم بىزنى ئىتتىپاق بولۇشقا، ئاللاھنىڭ ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت نېمىتىنى قەدىرلەشكە بۇيرىسا، كېيىنكى ئايەتى كەرىم بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇپ بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى مىللەت ۋە قەبىلىلەرگە ئايرىپ ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىسلام دىنىمىزنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئىنسانلارنىڭ ئىرقى، رەڭگى ۋە مىللىتىگە قاراپ ئاۋۇ ئۇنداق مىللەت، ماۋۇ مۇنداق مىللەت دەپ باھا بېرىش، كەمسىتىش، تەڭسىز مۇئامىلە قىلىش بىردەك چەكلىنىدۇ. بۇنداق خاھىشلار بولسا، ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆچ - ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچىدىغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزىدىغان ئامىللار دەپ قارىلىدۇ. مەلۇمكى دىنىمىز يېقىن قوشنىلارغا ۋە يىراق قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپ مۇسۇلمان ئەمەس قوشنىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇش، ئارىلىشىپ ئۆتۈش بولسا، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ بىلىم - تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنالايدۇ. دىنىمىز مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى ھەم چەكلىمەيدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە شۇنداق دېيىلگەن:

**(كۇپپارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ.**

—— سۈرە «مۇمتەھىنە» (60 ـ سۈرە)، 8 ـ ئايەت

يۇقىرىدىكى ئايەتى كەرىمنىڭ روھى بويىچە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشى، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر ـ بىرىگە باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشى لازىم. كىشىلەر قانداق ئېتىقادتا بولۇشتىن قەتئىينەزەر باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇپ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشقاندىلا تېخىمۇ ياخشى ھالدا تىنچ بىللە ئۆتكىلى، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ئازايتىپ، ئوتتۇرىدىكى كېلىشمەسلىكلەرنى تۈگىتىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرغىلى، ئىجتىمائىي تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، ئاخىرىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خۇشال ـ خۇرام ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىپ چىققىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى دۇنيادا تىنچ ئامان، ئاخىرەتتە سائادەتمەنلەردىن قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە بازىرى چوڭ جامەسىنىڭ خاتىپ ۋە ئىمامى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى

(«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

ئابدۇكېرىم ئوسمان

ئەللىك يىللىق يولۇڭدا شانلىق ئىزلار قالدۇرۇپ،
ئىسلام ئۈچۈن مەرىپەت چىراغىنى ياندۇرۇپ،
مۇسۇلمانلار قەلبىدە ئىمان ئوتى ئالدۇرۇپ،
تۆھپە قوشتۇڭ ئىسلامغا، مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى.

توغرا يولغا يېتەكلەپ نادانلىقتا قالغاننى،
باشلاپ چىقتىڭ يورۇققا قاراڭغۇدا ئازغاننى،
قۇتقۇزدۇڭ سەن زەبۇنلۇق پاتقىقىغا پاتقاننى،
شان-شەرەپلەر قۇچتۇڭ سەن، مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى.

ئىسمىڭ ئەجەب چىرايلىق مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى،
ھەممە كىشى ئوقۇيدۇ سېنى سىرداش قىلغىلى،
تەشنا بولار ھەم ساڭا گۈلدەستىلەر تىزغىلى،
مېھنىتىڭدىن زوق ئالدۇق، مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى.

شەرىپىڭنى ئاڭلىغان ھەممە كىشى خۇش بولدى،
يۈرىكىدە ئۇلارنىڭ شادلىقلىرى جۇش ئۇردى،
ساڭا بولغان مەدھىيە يۈرەكلەرگە لىق تولدى،
شۆھرەت تاپقىن دائىما، مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى.

جاپا چېكىپ بىز ئۈچۈن ھارمىدىڭ ھەم تالمىدىڭ،
ئىشلىرىڭدا ھەق يولدىن، توغرىلىقتىن قايمىدىڭ،
ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ئارقىدىمۇ قالمىدىڭ،
ھىممىتىڭگە تەشەككۈر، مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى.

بارلىق غايە-نىشانىڭ مۇسۇلمانغا ئاتالدى،
سەھىپەڭگە بارچىنىڭ ھەيرەت كۆزى قادالدى،
نام-شۆھرىتىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە تارالدى،
يەنە ئاشسۇن قىممىتىڭ، مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى.

ئەگرى-توقاي مۇساپەڭ ئەللىك يىللىق تارىختۇر،
سەن ئۇچرىغان مۇشەققەت كۆڭۈللەرگە ئاياندۇر،
شۇنداق تۇرۇپ ھۆرمەتمۇ ساڭا بولماي قاياندۇر،
ئامەتلىرىڭ كۆپ بولسۇن، مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى.

ئەجىر تۆھپەڭ ئۇنتۇلماس، بۇنى ھەممە بىلىدۇ،
ئىلىم ئىزدەي دېگەنلەر قەدىرىڭگە ھەم يېتىدۇ،
ھۆكۈمەتمۇ، خەلقمۇ ساڭا ھەمدەم بولىدۇ،
قۇتلۇق بولسۇن سەپىرىڭ، مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدە مەسچىت ئىمامى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)



# ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

ئامانۇللا ھىزبۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاتا ـ ئانا توغرىسىدىكى تېما ئۆلمەس تېمىدۇر. چۈنكى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتى، جاپا ـ مۇشەققىتىنى بىرەر پارچە ماقالە بىلەن ئېيتىپ، يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش مەخسۇس ئىسلام دۇنياسىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەشەببۇس قىلىدىغان پەزىلەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىنسانىنىڭ يەر شارىغا پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان بۇ شەخسلەرنى مەدھىيىلەش، كۈيلەش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئۈستىدىكى پەرز ھەم قەرزدۇر. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتى توغرىسىدا بەزى كىشىلەر نۇرغۇن شېئىر، ماقالە قاتارلىقلارنى يازدى ھەم يېزىۋاتىدۇ.

## ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر

ئىسلام دىنىمىزدا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنلا ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش، كۆيۈنۈش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇلارنى دۇنيا ھاياتلىقىدا رازى قىلىشقا تېرىشىش بۇيرۇلىدۇ. بىز قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغىنىمىزدا "**بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق**"؛ "**ئى ئىنسان ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن**" دېگەندەك ئايەتلەرنى ئىنتايىن كۆپ ئۇچرىتىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ ساھابىلەرنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى، ئۇلارنى رازى قىلىۋېلىشقا ئالدىراش لازىم ئىكەنلىكى ئىنتايىن كۆپ سۆزلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلار**

**تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سىنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن(يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۆشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: "ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن" دېگىن.**

—— سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17 ـ سۈرە)، 23 ـ، 24 ـ ئايەتلەر

ئەزىز قېرىنداشلار! يۇقىرىقى ئايەت كەرىمدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، بىز ھەر ۋاقىت ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىمىزنى ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشنى ئەمر قىلغاندىن كېيىنلا ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھتىن: "ئاللاھ تائالاغا قايسى ئەمەل سۆيۈملۈكرەك؟" دەپ سورىسام رەسۇلۇللاھ: 'دەل ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز' دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قالسىچۇ؟ دېسەم، 'ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش' دەپ جاۋاب بەردى. يەنە ئاندىن قالسىچۇ؟ دېسەم، 'ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىش' دەپ جاۋاب بەردى(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). دېمەك، نامازدىن كېيىنلا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بۇيرۇلدى، بۇ ھەتتا ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىشنىڭمۇ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى.

ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىزدىكى ھەققى بەك كۆپ، بولۇپمۇ ئانىمىزنىڭ ھەققى بەك كۆپ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.**

—— سۈرە«لوقمان»(31 ـ سۈرە)، 14 ـ ئايەت

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "'ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟' دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ '**ئاناڭ**' دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: 'ئاندىن قالسىچۇ؟' دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: '**ئاناڭ**' دېدى، ئۇ ئادەم: 'ئاندىن قالسىچۇ؟' دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: '**ئاناڭ**' دېدى. ئۇ ئادەم: 'ئاندىن كېيىنچۇ؟' دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: '**ئاندىن قالسا ئاتاڭ**' دېدى" (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

دېمەك، رەسۇلۇللاھ تۆتىنچى قېتىمدا ئاتىسىنى تىلغا ئالدى. بۇ ھەدىس يۇقىرىقى "**ئانىسى ئۇنى قورسىقىدا ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى**" دېگەن ئايەتنى كەرىمنى ئېنىق شەرھلەپ، بىزگە ئانىنىڭ ھەققىنىڭ ئاتىسىنىڭ ھەققىگە قارىغاندا كۆپرەك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بەردى.

ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى توغرىسىدا ئايەت، ھەدىسلەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىدىغان، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان، ئۇلارغا مۇشت تەڭلەيدىغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۇرىدىغان ناچار قىلمىشلار شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇلارنى بېقىش جەريانىدا تارتقان جاپالىرى ئاز كەلگەندەك ، چوڭ بولۇپ قېلىپمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا جاپا سالىدىغان ھەتتا ئۆيگە خوجايىن بولۇۋېلىپ، ئۇلارنى چاكار ئورنىدا ئىشلىتىدىغان نومۇسسىز بىر قىسىم كىشىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنداق كىشىلەر قىلغان گۇناھىغا تەۋبە قىلىشى لازىم.

كىتابلاردا بايان قىلىنىشىچە، ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتتە بىر قانچە تۈرلۈك ھەقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلارنىڭ تىرىكلىكىدە، بەزىلىرى ئۇلار ۋاپات تاپقاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. تىرىكلىك چاغدىكى ھەقلەرنى ئالىملار تەنگە تەئەللۇق ھەق، تىلغا تەئەللۇق ھەق، دىلغا تەئەللۇق ھەق، مالغا تەئەللۇق ھەق دەپ تۆتكە بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى يەنە بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈپ سۆزلەيدۇ:

**تەنگە تەئەللۇق بولغان ھەق: 1) ئاتا ـ ئانىغا چىن دىلىڭدىن خىزمەت قىل؛ 2) ئاتا ـ ئانىغا**

ھەممە ۋاقىت ھۆرمەت كۆزى بىلەن قارا؛ 3) قىلما دەپ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلما؛ 4) ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى ۋە رازىلىقىسىز ھېچبىر ئىشقا قول تىقما؛ 5) ئۇلار سەن ئولتۇرغان جايدا ھازىر بولسا، دەرھال ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋال؛ ئۇلار ئولتۇرغان بولسا سەن ئۆزۈڭ ئۆرە تۇر، ئۇلار ئولتۇرغان جايدا سەن ئولتۇرۇۋالما؛ 6) يولدا بىرگە كېتىۋاتقان بولساڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالما(ئەگەر توپىلاڭ، پاتقاق، سۇلۇق ياكى ئومۇمەن خەۋپلىك جايلارغا كەلگەندىلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالساڭ بولىدۇ)؛ 7) ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوچۇق چىراي بىلەن ئولتۇر؛ 8) ئاتا-ئاناڭغا قاپىقىڭنى تۈرمە؛ 9) ئاتا-ئاناڭغا ھومىيىپ قارىما؛ 10) ئاتا-ئاناڭ چاقىرسا يۈگۈرۈپ بار.

دىلغا تەئەللۇق ھەق: 1) ئۇلارغا رەھىم شەپقەت بىلەن قارا؛ 2) ئۇلارغا ھەر دائىم قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل؛ 3) سېنىڭ شادلىقىڭ ئۇلارنىڭ خۇرسەنلىكى بىلەن بولسۇن؛ 4) ئۇلار غەم قىلسا سەنمۇ قايغۇر ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش يولىنى ئىزدە؛ 5) ئۇلار ئوشۇقچە سۆزلىسىمۇ مالال كۆرمە؛ 6) ئۇلار تەنبىھ بەرسە خاپا بولماستىن خۇرسەن بول؛ 7) ئۇلارغا ھەر قانچە ياخشىلىق قىلساڭمۇ ۋە ھەقلىرىنى ھەر قانچە ئادا قىلساڭمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ زەررىچە ئازار يەپ قېلىشىنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئار-نومۇس دەپ بىل؛ 8) ئۇلارنىڭ ھەر قانداق نىيەتلىرى بولسا، شۇ نىيەتكە يېتىشلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت قىل؛ 9) ئۇلار قانچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە، شۇنچىلىك خۇشال بول؛ 10) ئۇلار قانچىلىك دەردلىك بولسا، كۆڭۈللىرىنى ئېلىشقا شۇنچىلىك تىرىشقىن.

تىلغا تېگىشلىك ھەق: 1) ئاتا-ئاناڭغا مۇلايىم بول؛ 2) ئۇلارغا دائىم تەۋازۇدا(كەمتەر، ئەدەپلىك) بول؛ 3) ئۇلارغا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىمە؛ 4) ئۇلارغا كۆپ سۆزلىمە ۋە قوپاللىق قىلما؛ 5) ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرما؛ 6) ئۇلار سۆزلەۋاتقاندا گېپىنى بۆلمە؛ 7) ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى رەت قىلما؛ 8)ئۇلار سېنى ئىشقا بۇيرۇسا ياق دېمە؛ 9) ئۇلار قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلسىمۇ، سەن پەس ئاۋازدا سۆزلە؛ 10) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاھ-ئۇھ دەپ كەتمە.

مالغا تەئەللۇق ھەق: 1) ئۆزۈڭگە كىيىم-كېچەك ئېلىشتىن ئىلگىرى ئاتا-ئاناڭغا ئېلىپ بەر؛ 2) ئۇلارغا ئۆزۈڭ يەيدىغان تائاملاردىنمۇ ئېسىلراق تائام قىلىپ بەر؛ 3) بىر داستىخاندا غىزالىنىۋاتقىنىڭدا يېمەكلىكلەرنىڭ ياخشىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قوي(ھېكايە قىلىنىشىچە، ھەننان ئىبنى ئەتىيە ئۆز ئانىسى بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېيىشتىن قورقىدىكەن. ئۇ دائىم: ئانامنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئەمدى يەي دەپ تۇرغان مېۋىنى بىلمەستىن يەپ قويسام، بۇنىڭدىن ئانامنىڭ كۆڭلى رەنجىسە مەن گۇناھكار بولۇپ قالسام، ئۇ چاغدا ھالىم نېمە بولماقچىدى؟ مەن شۇنىڭدىن قورقىمەن، دەيدىكەن). 4) قانداق نەرسىنى سېتىۋېلىش ئىستەكلىرى بولسا شۇ نەرسىنى سېتىۋېلىپ بەر. چۈنكى سەن ياش چېغىڭدا نېمىنى خالىساڭ، ئۇلار شۇ نەرسىنى سېتىۋېلىپ بەرگەن؛ 5) ئۆيلىرىنى ياخشىلا ۋە ئۇنى جاھازىلاپ بەر؛ 6) ئاتا-ئاناڭ سورىمىسىمۇ پۇل بېرىپ تۇر، چۈنكى ئۇلار بۇنى ئاشكارا ئېيتالماسلىقى مۇمكىن؛ 7) ئۇلارغا: تاپقان-تەرگىنىمنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن، نېمىنى خالىساڭلار شۇنى بىمالال ئېلىۋېرىڭلار، ھەممىنى ئۆزۈڭلارنىڭكىدەك كۆرۈڭلار، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئارىدىكى ئۇيىلىش ۋە تارتىنىشلارنى كۆتۈرۈۋەت؛ 8)ئەگەر ئاتا-ئاناڭدىن يىراق يەردە ئولتۇرساڭ پات-پات مېھمانغا چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىل؛ 9) ئاتا-ئاناڭنىڭ دوستلىرىنىمۇ ھۆرمەت قىل، بۇ ئىشىڭ بىلەن سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ ئۆز دوست-ئاغىنىلىرى ئالدىدا يۈز تاپىدۇ.

ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ھەقلەرگە تۆۋەندىكىلەر كىرىدۇ:

مېيىتنى تېزلىك بىلەن دەپنە قىلىش چارىلىرىنى كۆر. چۈنكى مېيىتنىڭ ئىززىتى ئۇنى تېزلىك بىلەن ئۇزىتىشتا. يەرلىكتە قويۇشتىن ئىلگىرى مېيىتنى يۇيۇپ-تاراشنى ۋە كېپەنلەشنى ئۇنتۇما. ئۆزۈڭ داد-پەرياد قىلىپ يىغلىما ۋە ئۆزگىلەرنىڭمۇ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويما. ئاتا-ئاناڭ يەرلىكىدە ياتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشىغا پات-پات بېرىپ تۇر. ئەگەر ھەپتىدە بىر

قېتىم زىيارەت قىلىشنى ئادەت قىلساڭ ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ يولىنى تۇتقان بولىسەن. باشقىلارنىڭ مەرھۇم ئاتا ـ ئانىلىرى توغرىسىدا يامان گەپلەرنى قىلما، ئۇلارمۇ سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭنى شۇنداق يامان سۆزلەر بىلەن يادلىمىسۇن(ھېكمەت كىتابلىرىدا ئېيتىلىشىچە، كىمكى ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلار توغرۇلۇق يامان گەپلەرنى قىلسا ئۇ مەلئۇن كىشىدۇر). بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن مۇنداق بىر ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:”**كىشىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى قارغىشى ئەڭ زور گۇناھ ھېسابلىنىدۇ**“ دېگەن، ”ئى رەسۇلۇللاھ، كىشى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى قانداقمۇ قارغايدۇ؟“ دېگەن كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:” **بىر ئادەم بىراۋنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ-دە، ئۇ ئادەممۇ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللايدۇ**“ دېگەن(بۇخارى توپلىغان). ئاتا ـ ئاناڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يارۇ ـ دوستلىرىنى ئۆيۈڭگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە ئاتا ـ ئاناڭنىڭ خاتىرىسىنى ياد ئەتكىن. ئاتا ـ ئاناڭ ياخشى كۆرگەن يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، بۇرادەرلىرىنى ئېغىزلاندۇر.①

مۆھتەرەم ئوقۇرمەن! يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇپ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسىز؟ ھالبۇكى جەمئىيىتىمىزدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان ئاققۇزۇپ، يۈرەك باغرىنى خۇن قىلىدىغان، ئاتا ـ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇلارغا ياخشى خىزمەت قىلماي، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا، ئۇلارنى خۇرسەن قىلىشقا ئالدىرىماستىن، ئاتا ـ ئانىسىنى خارلايدىغان، رەنجىتىدىغان، ئايالىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان، ھەتتا ئۇلارنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىدىغان بىر قىسىم نائەھلى كىشىلەر بار. ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىزنى مۇشۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ قويغىنىغا شۇنچىۋالا كۆلپەتلەرنى سالامدۇق؟ ئۇلار بىزدىن مۇشۇنى ئۈمىد قىلغانمىدى؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار بىزنىڭ سەبىي ھالىتىمىزدىن تارتىپلا ھەر دائىم يۈرىكى ئەل ـ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن سوقىدىغان شىر يۈرەك ئەزىمەتلەردىن بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلاتتىغۇ!

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ”**بۇرنى توپىغا مىلىنىپ كەتسۇن، بۇرنى توپىغا مىلىنىپ كەتسۇن، بۇرنى توپىغا مىلىنىپ كەتسۇن(ھالاك بولۇپ كەتسۇن)**“ دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ساھابىلەر: ”ئەي رەسۇلۇللاھ! كىم ئۇ ھالاك بولىدىغان كىشى ؟“ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ”**ئاتا-ئانىسى ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى قېرىلىق ھالەتكىچە ياشىغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشى**“ دېدى. دېمەك، ئاتا ـ ئانىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى رازى قىلىشقا تىرىشايلى. كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۇ چاغدا بىر تاۋاق ئىسسىق ئاشنى ئۆزىمىز پىشۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاپىراي دەپ بارساق ئۇلار ئاللىبۇرۇن قارا تۇپراق ئاستىدا خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ. بىز ئاتا ـ ئانىلىرىمىزدىن رازىلىق ئالالماي، دۇئا ئالالماي قالساق، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەڭ يالغۇز، ئەڭ بىچارە، ئەڭ بەختسىز كىشى بولۇپ قالىمىز.

جانابىي ئاللاھتىن ھەممىمىزگە ئىمان ـ ئېتىقاد، ئىنساپ ـ دىيانەت، ئەدلى ـ ئادالەت، شەرم ھايا تىلەيمەن. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈنىدىغان ۋاپادار، مېھرىبان پەرزەنتلەردىن قىلسۇن! ئى ئاللاھ بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىزنى رازى قىلىش يولىدا باسقان ھەر بىر قەدىمىمىزنى داغدام قىلغايسەن، ئى ئاللاھ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ قەلبىگە مېھرىبانلىق ئۇرۇقنى تېرىۋەتكەيسەنكى، ئۇلار بىزدىن رازى بولسۇن، خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلسۇن، ئى ئاللاھ ئەمەللىرىمىزنىڭ بىزنىڭ نەزەرىمىزدە كۆپ، سېنىڭ نەزەرىڭدە ئاز بولۇپ قېلىشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز ـ ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

① مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل جامى: «ئەدەپ بوستانى ۋە ئەخلاق گۇلىستانى» ناملىق كىتاب

# پەرزەنتلەرنى سەۋرچان، كەڭ قورساق قىلىپ تەربىيىلەش ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى

ھەسەن داۋۇت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ.**

— سۇرە«نەھل»(16 ـ سۇرە)، 127 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ھېچ كىشىگە سەۋردىن ئارتۇق ۋە كەڭ سوۋغا بېرىلگىنى يوق“ (ئەبۇ سەئىد توپلىغان).

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىس شەرىف روھىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، كەڭ قورساق، سەۋرچان بولۇش، باشقىلارغا مۇۋاپىق دەرىجىدە يول قويۇش، ئەپۇ قىلىشنى بىلىۋېلىش گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتتۇر. بالىلارنى ئەنە شۇنداق پەزىلەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلىگەندە ئۇلارنى جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە چىقىشقاق، ئېسىل خىسلەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئائىلە باشلىقلىرى پەرزەنتلەردە كىچىكىدىن باشلاپ بۇ خىل ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار.**

— سۇرە«تەھرىم»(66 ـ سۇرە)، 6 ـ ئايەت

مانا بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى چۈشىنىپ يېتىمىزكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر ياخشى يولى بالىلارغا ياخشى ـ يامانني بىلدۈرۈش، شۇنداقلا ئۇلارنى جەمئىيەتتىكى كىشىلىك ئىجتىمائىي ئورنىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئىككىلا ئالەمدە بەخت ـ سائادەتكە ئىگە قىلدۇرۇش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى.

شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بۇ جەھەتتە ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى كىچىك ئىشلىرىدىن باشلاپ تەربىيىنى كۈچەيتىشى كېرەك. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم:

1. ئالدى بىلەن پەرزەنتلەرگە ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىنى توغرا تونۇتۇش لازىم. گەرچە يالغۇز پەرزەنت بولسىمۇ ئۇنى ئەركە ئۆستۈرۈپ قويماسلىق، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھوقۇق ـ ئىمتىياز بېرىپ، دېگىنىنى قىلىدىغان زومىگەرگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. پەرزەنتلەرگە باشقىلار بىلەن جېدەل ـ ماجىرا قىلماسلىقنى ھەر ۋاقىت نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش ھەمدە قارشى تەرەپكە مەلۇم دائىرىدە يول قويۇپ يارىشىۋېلىش توغرىسىدا كۆپلەپ تەربىيە بېرىش لازىم. بۇ جەھەتتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ياخشى ئۈلگە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر قانداق بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە سەۋرچان، كەڭ قورساق، باشقىلارغا دائىم يول قويۇپ تۇرىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدىغان ھەدىسلەر كۆپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق بىر قەبىلىنىڭ ياكى بىرەر كىشىنىڭ ئازار بېرىشىگە ئۇچرىغاندا ئۇلارغا قىلچە بەددۇئا قىلىپ تىللاپ باقمىغان، ئەكسىچە سەۋرچان، كەڭ قورساق

بولۇپ، ئاللاھتىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ۋە ئىمان نۇرى تىلىگەن. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئەبۇ جەھل بۇتقا ئاتاپ ئۆلتۈرگەن بىر قوينىڭ ئۈچەي ـ قېرىنلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمەستىن، قىزى پاتىمەنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۈچىسىنى تازىلاتقۇزغان. شۇڭا بىز ھەر ۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ چىدامliق بولۇش، سەۋرچانلىق، كەڭ قورساقلىقتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل خىسلەتنى ئۆزىمىزگە ۋە پەرزەنتلىرىمىزگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشىمىز، پەرزەنتلەرگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىمىزنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: **"ھەممىڭلار پادىچىلار، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى پادىلىرىغا مەسئۇلدۇر"** (مۇسلىم توپلىغان). شۇڭا ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام مۇھىتتا ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەقىقىي كۆيۈنۈپ، ئۇلارغا باشقىلار بىلەن ئىجىل ـ ئىناق، دوستانە ئۆتۈش توغرۇلۇق تەربىيە بېرىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىنساننىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياخشى باقماي تاشلىۋېتىشى يېتەرلىكتۇر"**. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پەرزەنتلەرگە ياخشى كۆيۈنۈپ تەربىيلەپ ئۆستۈرۈش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى. ئەگەر بىز ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيىلىمەي، بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئېزىقىش ۋە جىنايەت پاتقىقىغا تاشلاپ قويساق، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىپ، خاتىرجەم، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشتىن مەھرۇم قالىمىز ھەمدە ئۆمۈرلۈك ۋىجدان ئازابىغا قالىمىز.

2. پەرزەنتلەرگە شەخسىيەتچىلىكنى ئەمەس، باشقىلارنىمۇ ئويلايدىغان، باشقىلارغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر يول قويۇشنى بىلىدىغان خىسلەتنى ئۆگىتىش كېرەك. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

**كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟**

— سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **44** ـ ئايەت

بۇ ئايەتتىن شۇنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىزكى، پەرزەنتلىرىمىزنى ئەخلاقسىز، بىلىمسىز بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشتىن توسۇش، ئۇلارنى كىچىكىدىن تارتىپ مۇۋاپىق مۇئامىلىدە تەربىيىلەش، ئۇلارنى بەك پەپىلەپ ئەركە ئۆگەتمەسلىك ياكى قوپال، سەت گەپ بىلەن تىللاپ ئۇرۇپ قورقۇتۇۋەتمەسلىك، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا دۇرۇس، راست گەپ قىلىدىغان، يۇمشاق ـ سىلىق گەپ قىلىدىغان بولۇشقا يېتەكلەش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف روھىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، ئۇلارنى باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان، كوللېكتىپنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان، دوستلىرى ۋە يارۇ بۇرادەرلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، باشقىلارغا دائىم كۆيۈنىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئاۋۋال ئۆزۈڭنى تۈزەت، ئاندىن باشقىلارغا نەسىھەت قىل"** دېگەنىدى. دېمەك، ھەر بىر كىشى باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش، باشقىلارنى ياخشى ئىش، ياخشى يولغا باشلاش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزى چوقۇم باشقىلارغا ئۈلگە بولالىغۇدەك ياخشى نەتىجە قازىنىشى، ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. جۈملىدىن ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە نەسىھەت قىلىش، ئۇلارنى كەڭ قورساق، ئەپۇچان، سەۋرچان، چىداملىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىدە پەرزەنتلىرىگە نەمۇنە بولالايدىغان شۇ خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

3. پەرزەنتلەرگە ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىش، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش لازىم. پەرزەنتلەر تەڭ تۇشلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا زىددىيەتلىشىپ قېلىشى، ھەتتا ئۇرۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىلار ئارىغا چۈشۈپ، پەرزەنتلىرىگە بولۇشۇپ زىددىيەت، جېدەل ـ ماجىرانى چوڭايتىۋەتمەي، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ئۆزئارا يول قويۇش ئاساسىدا ھەل قىلىشى كېرەك. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

**ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق(يامان خىسلەتكە) تاقابىل**

**تۇرغىن، (شۇنداق قىلسالا) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.**

—— سۈرە«فۇسسىلەت»(41 ـ سۈرە)، 34 ـ ئايەت

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، بىز ئاتا ـ ئانىلار ئارازلىقلارنى، جېدەل ـ ماجىرالارنى سەۋرچانلىق بىلەن ئەپۇ قىلىۋەتسەك، قارشى تەرەپ ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىگە توغرا قارىشى مۇمكىن، شۇڭا قۇرئان كەرىم روھى ئارقىلىق جېدەل ـ ماجىرالارنى دوستانە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىشقا يېتەكلەش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا پەرزەنتلەر دوستلىرى بىلەن بىللە يۇرۇشنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى بەلگىلەپ مۇنداق دېگەن: ”**سىلەردىن ھەر بىر كىشى پادا باقق‍ۇچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ پادىچى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پادىلىرىدىن جاۋابكار بولغىنىدەك، سىلەرمۇ ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرەڭلەردىن جاۋابكار، ئاتا-ئانىلارنىڭ بولسا ئۆزىنىڭ بالا-چاقا ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى ياخشى، پاراۋان قىلىش مەسئۇلىيىتى بار**“.

شۇڭا ھەر بىر كىشى، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە جىسمانىي ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئائىلە تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە كۆللەندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى ئېتىقادلىق، ئىلىم ـ پەننى سۆيىدىغان، ئىناقلىقنى قەدىرلەيدىغان، كەڭ قورساق، سەۋرچان، چىدامىلىق، ئەپۇچان قىلىپ تەربىيىلىشى لازىم؛ شۇنداق قىلغاندا ئۇلارنى ۋەتەننى، مىللىتىنى، ياشاۋاتقان ئانا تۇپرىقىنى سۆيىدىغان، ئومۇمغا خىزمەت قىلىش ھەم تۆھپە يارىتىش ئېڭىغا ئىگە پەرزەنت قىلىپ يېتىلدۇرگىلى بولىدۇ.

4. ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىمۇ ئۆزئارا ئىناق، سەۋر ـ تاقەتلىك، ئەپۇچان بولۇش ئارقىلىق پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىنلا ئىناق، ئىللىق ئائىلە مۇھىتىدا ئېسىل پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىلدۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**ئى مۆمىنلەر! تائەت-ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار.**

—— سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ ئايەت)، 200 ـ ئايەت

يەنە مۇنداق دېگەن:

**سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.**

سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 96 ـ ئايەت

دېمەك، ھەر قانداق ئىشتا سەۋر قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا كۆپلەپ ئەجىر ـ ساۋاب بېرىدۇ، جۈملىدىن بىر ئائىلە ئىچىدە ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىمىزگە سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشنى ئۆگەتسەك، ئاللاھ تائالا كۆپلەپ ئەجىر بېرىدۇ، ئىككى ئالەملىك ساۋابلىق يولغا ماڭغان بولىمىز؛ ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، ئائىلە ئەزالىرى چوڭ گۇناھكار بولۇپ، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جىنايەتكار بولۇپ قالىمىز.

ھازىرقى دەۋر تېز تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا، شۇنداقلا ئىسلاھات بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنى ئىجادچانلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن دادىل ئىلگىرىلەشكە، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا چاقىرماقتا. بۇ جەھەتتە مەكتەپ، جەمئىيەت ۋە ئاتا ـ ئانىلار(ئائىلە)دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ تەڭ ھەمكارلىشىپ، پەرزەنتلەرنى ئىناقلىقنى قەدىرلەيدىغان، سەۋرچان، كەڭ قورساق، ئەپۇچان، چىدامىلىق بولۇشتەك ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالايدىغان، ئىككىلا ئالەمدە بەخت ـ سائادەت قازىنالايدىغان ياخشى پەرزەنت قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشايلى!

ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىلارغا ۋە پەرزەنتلىرىمىزگە تەۋرەنمەس، مەھكەم چىن ئېتىقاد، بۈيۈك ئىرادە ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئاۋات ناھىيىسىدىن، مەسچىت ئىمامى؛

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# ئېتىقاد ۋە ئەمەللىرىمىزنى ئىلىم ئارقىلىق تۈزەيلى

مۇھەممەد ئابدۇرەھمان ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھۆرمەتلىك ئەھلى جامائەت! بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ئىلىم ئۆگىنىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، ھەر قانداق ئىش ـ ئەمەللىرىمىزنى بىلىم ئارقىلىق ئىلمىي يوسۇندا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىلغار، ئەمەلىيەتچىل دىن بولۇپ، كىشىلەرنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ.

ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە "ئىلىم" سۆزى 127 جايدا تىلغا ئېلىنغان، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى نازىل بولغان ئايەت " اقرأ (ئوقۇغىن) " دېگەن بۇيرۇق كەلىمىسى بىلەن باشلانغان. بۇ دەسلەپكى ۋەھيىدە "ئوقۇغىن" دېگەن سۆز ئۈچ يەردە تەكرارلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە ئاللاھنىڭ ئىنسانغا خەت يېزىشنى ئۆگەتكەنلىكى، ئۇنىڭغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى ۋەھيىدىكى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەشنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

### 1. ئىلىم — دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمانغا پەرزدۇر"** دېگەن، يەنە **" كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىغا ماڭسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ "** دېگەن.

يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم بىلەن

**ۋەز-تەبلىغ**

بىرلىكتە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق ھەر قانداق ئىلىمنى تەھسىل قىلىشقا، ئىلىمنى قەدىرلەشكە، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئىلىم ئۆگىنىش پەرز دېيىش ئارقىلىق ئىلىم ئۆگىنىشنى ئىبادەت دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ئىسلام دىنى ئىلىمگە ھۆرمەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىلىم-پەننى تېخىمۇ قەدىرلەپ ھەممە پەن-مەدەنىيەتنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا چاقىرىدۇ. ھازىر پۈتۈن دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولماقتا. ئىلىم-پەننىڭ ئۈچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشى بىز مۇسۇلمانلارغا ئىلىم تەھسىل قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويماقتا.

قېرىنداشلار! مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان بىر قىسىم رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە نىسبىي ھالدا ئارقىدا. شۇڭا بىز ئىككى دۇنيادىكى بەخت-سائادىتىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن ئىلىم يولىغا پائال ئاتلىنىشىمىز لازىم.

### 2. ئىلىم— ئىبادەتلەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈنمۇ ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ

مۇقەددەس دىنىمىز ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاقىدار پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇستەھەپ، مەكرۇھ، مۇفسىدلىرىنى بىلىپ قىلغان چاغدىلا مەقبۇللۇق دەرىجىسىگە يېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: ئىسلامنىڭ ئاساسلىق بەش پەرزىنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئىمانىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق شەرتلىرى بار؛ پەرز نامازنىڭمۇ ئىچى-تېشىدا پەرز، ۋاجىپ سۈننەتلىرى بار؛ زاكات، رامىزان روزىسى، ھەج قاتارلىقلارنىڭمۇ مەلۇم شەرت ۋە پەرزلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەن ئادا تاپىدۇ. بۇ بەش پەرزدىن زاكات ۋە ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى پەرز ئىقتىساد جەھەتتە مەلۇم چەككە يەتكەن ۋە بەلگىلىك شەرتلەرنى ھازىرلىغان مۇسۇلمانلارغا پەرز. زاكاتتىكى مۇھىم مەقسەت بايلارنىڭ نامراتلارغا خەير-ئېھسان قىلىشىنى، ئاجىز-يوقسۇزلارغا يار-يۆلەكتە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا زاكاتتىكى مەقسەت ۋە ھېكمەتنى توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە چوڭقۇر بىلىپ يېتىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇكى:

**قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى.**

— سۈرە«ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 97-ئايەت

ھەج— ئىبادەتلەر ئىچىدە مۇناسىۋەتلىك ساۋاتلارغا ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىبادەتتۇر. شۇڭا ھەج قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن ھەجنىڭ تۆۋەندىكى شەرتلىرىنى بىلىۋېلىشى لازىم:

1) بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان بولۇش، تېنى ساغلام، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش؛

2) ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇش، ھەج قىلىشتا ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش راسخوتىدىن ئېشىنغان ئىقتىسادنى چىقىم قىلىش، يەنى ئائىلىسىنىڭ بىر يىللىق تۇرمۇش خىراجىتىنى تولۇق قويۇپ مېڭىش؛

3) يول ئەمىن بولۇش، يەنى ھەج سەپىرىدىكى يولدا ئۇرۇش، قالايمىقانچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللەر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھەج قىلىش دېمەكتۇر.

دېمەك، مۇسۇلمانلار يۇقىرىقى بىر قاتار ئەھكاملارنى تولۇق بېجىرىش ئۈچۈن، سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېتەرلىك ئىلمىي ئاساستا ئىگە بولۇشى لازىم.

ئېتىقادنى بىلىم ئۇستىگە ئورناتقاندا، ئەقلىي بىلىشكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ، ھەمدە شۇ كىشىنىڭ ئېتىقادىمۇ ئاندىن مۇستەھكەم ۋە پاك ئېتىقاد بولالايدۇ. شۇنىڭدەك قىلغان ھەر بىر ئەمەللىرىمىز ساپ ھەم ئاللاھقا مەقبۇل بولۇشقا يېقىن بولىدۇ. قارىغۇلارچە بويسۇنۇش، ئەمەللىرىمىزنى تەقلىدچىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىش بىزنى ئاسانلا خۇراپاتلىققا باشلاپ قويىدۇ.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم، ئۇن ھەسسە ئارتۇق**

**ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.**

— سۈرە «ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 160 ـ ئايەت

ھازىرقى ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئالدىن بېيىدى ۋە بېيىۋاتىدۇ. تۇرمۇش سەۋىيىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسىۋاتىدۇ. بىراق مەھەللە ۋە كوچىلاردا نامرات، پېقىر كەمبەغەللەر قورساق غېمى ھەم كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىدا باش قاتۇرسا، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ ۋە ئالىي مەكتەپلەردە نامرات ـ يوقسۇزلۇق سەۋەبىلىك بەزى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ ۋە يەنە نۇرغۇن ئىقتىسادلىرىمىز بىھۇدە ئورۇنلارغا، ھەشەمەتچىلىككە خەجلەنسە، كۆپ ۋاقىتلىرىمىز پايدىسىز سورۇنلاردا بىكارغا ئىسراپ بولۇپ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك بولىدۇ. چەكلىك ھاياتتا قولىمىزدىكى مىڭ جاپادا يىغقان ئىقتىسادىمىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش بولغان كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئىلىم، پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىش ئىشلىرىغا ئايىماي سەرپ قىلىشىمىز، ئەتراپىمىزدىكى نامرات كەمبەغەللەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، ئاللاھ تائالا بىزگە ئون ھەسسە ساۋاب بېرىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)نىڭ 195 ـ ئايىتىدە شۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھنىڭ يولىدا(پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.**

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا ياردەم بېرىپ، مائارىپنى قوللاش جەمئىيەتتىكى ھەر بىر پۇقرانىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى.

دېمەك، سان ـ ساناقسىز پاكىتلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىمنى ئۇلۇغلايدىغان، ئىلىمنى، ئالىمنى يۈكسەك قەدىرلەيدىغان، دەۋرگە ئەگىشىپ، تەرەققىياتقا ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن تەرەققىيپەرۋەر دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىپ، ھۈنەر ـ سەنئەت ئىگىلەپ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىشىغا، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە، پەن ـ تېخنىكا ئىگىلىشىگە ئەزەلدىن مەدەت بېرىپ كەلگەن.

بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت دېگەنلەر ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ، شانۇشەۋكەت، ئىجاد ـ كەشپىياتنىڭ ئانىسى. بىلىمى يوق ئادەم، مائارىپى تەرەققىي قىلمىغان مىللەت، مائارىپقا مەبلەغ سالمىغان دۆلەت — نادان ئادەم، نادان مىللەت، نادان دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ھاياتىدا بىلىم گويا سۇ، نانغا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم، بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى زىمىستان، ئۆيى گۆرىستان، ئۆزى ۋەيران، ئۆمرى سەرسان بولىدۇ. بىلىم بولسا نۇر، بىلىم بولسا بەخت. ئۇ ئىنسانلارغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئاتا قىلىدۇ. قايسى مىللەتتە، قايسى دۆلەتتە بىلىمسىز نادانلار كۆپ بولسا، شۇ خەلقنى ئاپەت، دۆلەتنى پالاكەت باسىدۇ. مىللەتنى گۈللەندۈرۈپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا مائارىپقا، ئىلىم ـ پەنگە تايىنىمىز. 21 ـ ئەسىر يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئۇچۇر تورلاشقان، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سودا يەر شارىلىشىۋاتقان، رىقابەت، خىرىس كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان دەۋر. بۇ دەۋرگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتكە ماسلىشىپ تەرەققىيات قەدىمىمىزنى تېزلەتمىسەك ھەر قانداق ۋاقىتتا تاللىنالماي، بەلكى ھەر بىر ئىشىمىزدا شاللىنىمىز. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار بىدئەت، خۇراپىي ئىدىيىلەردە ئازغىنىشىپ يۈرمەي، ئىسلام دىنىنىڭ شانلىق ئەنئەنىلىرىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلىمنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھېكمىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بالدۇرراق ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەڭ زور ۋە ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: قۇمۇل شەھىرىدە مەسچىت ئىمامى ۋە خاتىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى*

ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى سەھىپىلىرىدە ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان ئىدۇق. تۆۋەندە ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمال قىلىش ۋە تارقىتىشتىن ئىبارەت تۆت ئىقتىسادىي ھالقىدىكى ئىسلام ئەخلاقى ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئىشلەپچىقىرىش سېپىدىكى ئىسلام ئەخلاقى

ئىسلام ئىقتىسادىي ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن بەزى ئاپتورلار ”ئىسلام ئەندىزىسى ئاساسلىقى بايلىقنى ئادىل تەقسىملەشكىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدە يېتەرلىك بايانى يوق“ دەپ خۇلاسىلەشكەن. مەزكۇر يەكۈنگە باھا بېرىش ئۈچۈن ئازراق تەپسىلاتقا موھتاجمىز.

ئەگەر ”ئىشلەپچىقىرىش“ دېگەن سۆزدىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قورال-ۋاسىتىلىرى، جەريان-ئۇسۇللىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، يۇقىرىقى يەكۈننى ئومۇمەن قوبۇللاشقا بولىدۇ. ئەمما، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسەت-نىشانى، ئۇنىڭغا ئالاقىدار قائىدە-پرىنسىپلار، ئەخلاق مىزانلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، بۇ يەكۈن تەلتۆكۈس رەت قىلىنىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا بىزنىڭ بۇ باھايىمىزنىڭ ئاساسى نېمە؟

ئىسلام ئىقتىسادى ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنى قۇلايلاشتۇرىدىغان بارلىق مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى قارشى ئالىدۇ. ئىقتىساد ئىلمىدە، ئىقتىسادىي تۈزۈملەرنىڭ ـــ ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش، يۆتكەش، ئالماشتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىقتىسادىي ھالقىلاردا قوللىنىلىدىغان ـــ تېخنىكىلىق ۋە مېخانىكىلىق ۋاسىتىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدىغان ”ئىقتىسادىي تۈزۈلمە خۇرۇچى“ دېگەن بىر ئاتالغۇ بار.

ئىلگىرىكى بەزى ئىقتىسادىي تۈزۈملەردە قوللىنىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قورال-ۋاسىتىلىرى تولىمۇ ئىپتىدائىي بولۇپ، ئۇلار بۇ خىلدىكى ۋاسىتىلەرنىڭ ئىزچىل تۇستە ئۆز پېتى داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى، ھەرقانداق ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايتتى. ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قەتئىي ساقلىنىش كېرەك بولغان شۇملۇقتىن دېرەك بېرەتتى.

ياۋروپا ئىلىم-پەن گۈللىنىش دەۋرى باشلىنىپ، يېڭى ئىلمىي كەشپىياتلار بىلەن قوزغىلىپ تۇرغان شەخسىي قانائەتسىزلىكنىڭ بىرىكىشى سانائەت ئىنقىلابىنى روياپقا چىقاردى. شۇنداقلا بىر ماشىنا يۈزلىگەن ھەتتا مىڭلىغان ئادەمنىڭ ئەمگىكىنى ئوخشاش ۋاقىت بىرلىكى ئىچىدە تاماملىيالايدىغان ئاجايىپ مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

ئىسلام دىنى ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلە

* بۇ ماقالىنىڭ باش قىسمى 2007-يىللىق 1-ساندا

بۇ خىل ماشىنىلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى تېز بولدى. بۈگۈنكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەر بۇ خىلدىكى زامانىۋى ۋاستىلەرنى قوللىنىش، ئۇنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەمگەك ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى ئازايتىش قاتارلىقلاردا كەسكىن رىقابەت ھالىتىدە بولۇپ، ئۇلار ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرى ۋە كەشپىياتچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەردىكى دائىم ئۆزگىرىش ئىچىدە تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدىغان، تېخنىكىلىق مەسىلىلەرگە ياتىدىغان بۇ خىل ساھەنى ئىسلام دىنى ئۆزگەرمەس قانۇن-نىزام بىلەن چۈشەپ قويغىنى يوق، بەلكى ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئۆز بىلىمى، تالانتى ئارقىلىق ئەينى دەۋرى ۋە شارائىتىغا قاراپ ھەل قىلىشىغا قالدۇرغان.

چۈنكى دىن ۋاستىگە قارىغاندا مەقسەتكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەسىلەن: ئىسلام كېسەل كىشىلەرنىڭ داۋالىنىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بىراق نېمە بىلەن، قانداق داۋالىنىشنى بېكىتىپ قويمىغان. ئىسلام دېھقانچىلىقنى تىلغا ئالغان، ئەمما دېھقانچىلىق ۋاستە-قوراللىرىنى بەلگىلەپ قويمىغان. يۇقىرىقىلار ئىنسان ئەقلى، تەپەككۇرى دائىرىسىدىكى ۋە ئىمكانىيىتىدىكى ئىشلاردۇر.

دىنغا نىسبەتەن يەرنىڭ ئۈكۈز سۈرگەن ساپاندا ياكى گاز-توكتا ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇسكۇنىدە ئاغدۇرۇلۇشى، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ قولدا ياكى ماشىنىدا توقۇلۇشى مۇھىم ئەمەس. دىنىنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى ئىنسانغا مەنپەئەت يارىتىش، ئۇنى تۈرلۈك زىياندىن ساقلاش، ئۇنىڭ ھاياتىنى قوغدىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئىشلەپچىقىرىشتا مەلۇم ئۇسكۇنە ياكى ماشىنىنى قوللىنىش كىشىلەرگە مەنپەئەتلىكرەك بولسا (مەسىلەن: ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ياخشىلاش ئارقىلىق ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك سائىتىنى ئازايتىش، جاپاسىنى يېنىكلىتىش، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى چۈشۈرۈپ، مەھسۇلاتنىڭ تېخىمۇ ئەرزان باھادا بازارغا سېلىنىشى ئارقىلىق ئىمكانقەدەر كۆپرەك ساندىكى ئىستېمالچىلار سېتىۋالالايدىغان قىلىش دېگەندەك)، بۇنى مەھسۇلاتنىڭ زىيانلىق بولماسلىقى، شەرىئەتتە چەكلەنمىگەن بولۇشى، ئىنسانىيەتكە ئىزچىل مەنپەئەت ئېلىپ كېلىۋاتقان بولۇشىنى شەرت قىلغان ھالدا ئەلۋەتتە قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

توغرا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىكى ئىسلاھات تۈپەيلى بىر قىسىم كىشىلەر زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن. مەسىلەن: زامانىۋى ئۇسكۇنىلەرنى قوللىنىش نەتىجىسىدە، بىر بۆلۈك ئىشچىلار ئىشسىز قېلىشى، ئەڭ يېڭى ياكى چوڭراق ھەجىمدىكى ئۇسكۇنىلەرنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى تۈپەيلىدىن، كونا ياكى كىچىك ھەجىمدىكى ئۇسكۇنە ئىگىلىرى پايدىسىز ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. بىراق، ئەينى دىياردىكى بارلىق زاۋۇتلار كونا ئۇسكۇنىلەر بىلەن قىلىۋەرسە ئۇنىڭ زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە چوڭ ۋە سەلبىي تەسىرى چوڭقۇر بولىدۇ. ئىلگىرىكى فەقىھ ئۆلىمالار:"(زۆرۈر ئەھۋال ئاستىدا) چوڭ زىياننى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، كىچىكرەك زىياننى تارتىش يوللۇقتۇر. ئومۇمغا يېتىپ كېلىدىغان زىياننى دەپئى قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم كىشىلەرگە(شەخسلەرگە) كېلىدىغان زىياننى قۇربان قىلىش يوللۇقتۇر" دېگەن(ئىبنى نۇجەيم: «فىقھىدىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەسىلىلەر»، قاھىرە، ئەرەبچە نەشرى). شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلار دۆلىتى ئىسلام قانۇنچىلىقىدىكى"زىيان-زەخمەت يوقىتىلىشى كېرەك" (يۇقىرىقى كىتاب، 5-قائىدە، 85-92 بەتلەر). فەقىھلەر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "زىيان-زەخمەت ئىمكانقەدەر يوقىتىلىشى كېرەك، ئەمما، مۆلچەرلەنگەن زىيان بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق دەرىجىدىكى يەنە بىر زىيانلىق ئىش بەدىلىگە يوقىتىلسا بولمايدۇ". بۇ فىقھى قائىدىگە ئاساسەن، يۇقىرىقىدەك ئىسلاھاتلار تۈپەيلى بىۋاسىتە زىيان تارتقۇچىلارغا تۆلەم ياكى ياردەم بېرىش كېرەك.

بۇ يەردىن ئايان بولىدۇكى، دىن بۇنداق تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ نەق ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بەزى كىشىلەر بارلىق دىنلار ئىلمىي ئىزدىنىش،

ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سانائەتتە ئىلگىرىلەش قاتارلىقلارغا توسالغۇ بولىدۇ، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنى بۇ خىل تەرەققىياتنى قارشى ئالىدۇ ۋە تەجرىبە - ستاتىستىكىغا تايانغان ئىلمىي ئىزدىنىشنى كەڭ ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شۇنداقلا قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىدا نوپۇس سانىنى ئېنىقلىغان ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە ئارخىپ تۇرغۇزغان ۋە ھەر بىر كىشىنىڭ باي نامراتلىقى، ئىسلامغا كىرىشتىكى ئىلگىرى - كېيىنلىكى، ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ مائاش - ئىنئام بېكىتكەندە يۇقىرىقىدەك تەپسىلىي ستاتىستىكىغا تايانغان ئىدى. ھەتتا ھەر بىر ئادەمگە كېتىدىغان ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارىنى بېكىتىش ئۈچۈن ئەمەلىي تەجرىبە ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇغداي ۋە مايدىن مۇئەييەن مىقدارنى بەلگىلەپ چىققان ئىدى.

ھەنىنۋا ئىشنى بەخت - تەلەيگە باغلاپلا چۈشىنىۋېلىپ ئەمگەكسىز يۈرىدىغان، ئاللاھنىڭ تەقدىر - قازاسىنى ناتوغرا ھالدا دەلىل كۆرسىتىپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنى دەۋا قىلىپ ئىشلارنى ئېقىشىغا قويۇۋېتىدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىك ئىدىيىسى ۋە قىلمىشى ئىسلامغا ياتتۇر. ئىسلام يۇقىرىقىلاردەك خۇراپىيلىقلارنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىدۇ. ئۈزلۈكسىز تىرىشىشقا، ئەمگەك بىلەن رىزقىنى ئىزدەشكە، ھەر دائىم يامان ئاقىۋەتلەردىن ھەزەر ئەيلەشكە، ئىشلاردا سەۋەب قىلىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى، سەۋەب قىلىشمۇ ئاللاھنىڭ پۈتكىنىدۇر. بۇ ھېچقاچان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى ۋە ئۇشبۇ مەۋقەيىمىزنىڭ شوئارى رەسۇلۇللاھنىڭ: " تۆگەڭنى باغلا، ئاندىن (ئاللاھقا) تەۋەككۇل قىل" دېگەن مۇبارەك سۆزىدۇر(تىرمىزى توپلىغان).

### ئەمگەك — ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇلى

ئىقتىسادشۇناسلارغا مەلۇمكى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈچ ئامىلى: يەر(تەبىئەت)، كاپىتال، ئەمگەك(بەزىلەر بۇنىڭغا يەنە تۈزۈلمىنى قوشقان)تىن ئىبارەتتۇر.

ئىسلام ئىقتىسادى ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئىسلامدا ئېتىبارغا ئېلىنىش - ئېلىنماسلىقى مەسىلىسىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلاردا بولغان.

زامانىمىزدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ سەركىسى، ئەللامە، دوكتور يۈسۈف قەرزاۋى مۇنداق دەيدۇ: كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادقا بەرگەن ئېنىقلىمىسىنى نەزىرىمدىن ساقىت قىلغان ھالدا دەيدىغىنىم، يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە مۇناسىپ رول ئوينايدۇ. بىراق بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى يەر(تەبىئەت) ۋە ئەمگەك ئامىلىدۇر. يەر(تەبىئەت) دېگەندە، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن يارىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا لايىقلاشتۇرۇپ بەرگەن ۋە ئىنسانلارنى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قۇدرىتىگە ئىگە قىلغان تەبىئىي بايلىقلار كۆزدە تۇتۇلسا، "ئەمگەك" دېگەن سۆزدىن، ئىنساننىڭ مەزكۇر بايلىقلاردىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئاڭلىق ھالدا ئېلىپ بارغان جىسمانىي ياكى ئەقلىي پائالىيىتى(ئەمگەكچى مەيلى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىسۇن ياكى ھەق ھېسابىغا باشقا شەخس، ئورگان، ھاكىمىيەتكە ئىشلىسۇن، مەيلى يالغۇز ياكى باشقىلار بىلەن ئەمگەكتە ياكى كاپىتالدا ۋە ياكى تەجرىبە - ماھارىتىدە ھەمكارلىشىپ ئىشلىسۇن، ئەمگىكى دېھقانچىلىق ياكى سانائەت ۋە ياكى سودا - تىجارەت ساھەسى بولسۇن، ھەربىر ھالدا) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ئىنسان بىلەن يەر(تەبىئەت) ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگدىن بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەمدەملىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ.

**مەن يەر يۈزىدە خەلىپە(يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن.**

— سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، **30** - ئايەت

**ئاللاھ سىلەرنى زېمىندا ئورۇنباسارلار قىلدى.**

— سۈرە«فاتىر»(35 - سۈرە)، **39** - ئايەت

**... ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى...**

—— سۈرە «هۇد» (11 - سۈرە)، 61 - ئايەت

دېمەك زېمىن —— ئىنساننىڭ پائالىيەت سەھنىسى بولۇپ، ماھىيەتتە ئىقتىسادشۇناسلار ئىستېمالدىكى "كاپىتال ۋە تۈزۈلمە" ئەمگەك دائىرىسىگە كىرىدۇ.

تۈزۈلمە —— پىلانلاش، باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمگەكنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى. كاپىتال —— ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى، نەتىجىسىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ پىرىسلانغان ياكى ئامبارلانغان ئەمگەكتۇر.

يۇقىرىقىلارغا كۆرە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ھالقىلىق ئامىل ئەمگەكتىن ئىبارەت. زېمىندىن مەنپەئەت ھاسىللاندۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنى زاھىر قىلىدىغىنى يەنىلا ئەمگەكتۇر.

ئىشلەپچىقىرىش ئادەم ئاتىمىز يەر يۈزىگە چۈشكەندىن بۇيان مەۋجۇتلۇقىمىزغا ھەمدەم بولۇپ كەلگەندۇر.

مۇشۇ ئىپتىدائىي مەنىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ياكى ئۇندىن ئىلگىرىكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تۇغۇندىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ زېمىن ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان ئىنسانغا ھەمدەم بولۇپ كەلگەندۇر. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش ئىنساننىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن زۆرۈرىيەتتۇر. بۇنىڭغا كۆرە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلاردىن تۇنجى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېيىش مۇمكىن.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن جان كىرگۈزدى. مالائىكىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلدۇردى. ئۇنى جۈپتى ھەۋۋا بىلەن بىللە جەننەتتە ماكانلاشتۇردى، جەننەتتە ئۇ ئىككىسىگە پاراۋان تۇرمۇشنى، بەرىكەتلىك رىزىقنى ئاتا قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى خالىغان چاغدا، مۇشەققەتسىز ھالدا، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەردىن بەھرىلىنەتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جەننەت دەرەخلىرىدىن مەلۇم دەرەخكە يېقىنلىشىشتىن توستى ۋە ئۇلارنى شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن ئاگاھلاندۇردى.

**بىز دېدۇق: "ئى ئادەم بۇ ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭدۇر، خوتۇنىڭنىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، (ئۇ چاغدا) سىلەر جاپا - مۇشەققەتتە قالىسىلەر. جەننەتتە سەن ھەقىقەتەن ئاچ قالمايسەن ۋە يالىڭاچ قالمايسەن. ھەمدە ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئۇسساپ كەتمەيسەن، ئىسسىپ كەتمەيسەن.**

—— سۈرە «تاھا» (20 - سۈرە) 117 —— 119 - ئايەتلەر

ئايەت كەرىمەدە دېيىلگەندەك " تائام، شاراب، كىيىم ۋە تۇرالغۇ" ئادەم ئەلەيھىسسالامغا مۇشەققەتسىز ھالدا تەل ئىدى. ھالبۇكى بۇلار ئىنساننىڭ ئاساسىي ئېھتىياجلىرىدۇر. كېيىن شەيتان ئادەم ۋە ھەۋۋاغا ۋەسۋەسە قىلدى، ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىشىدا سەۋەبچى بولۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئاللاھ تائالا ئادەم بىلەن ھەۋۋانى جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈۋەتتى. زېمىن ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئاللاھ تائالا خالىغان مۇددەتتە ئاخىرلىشىدىغان ۋاقىتلىق تۇرالغۇ بولۇپ قالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۇلار جەننەتتىكى چېغىدا مۇشەققەتسىز بەھرىلىنىدىغان نېمەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمدى جاپا چېكىپ تەر تۆكۈشى كېرەك ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئىنساننى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇپ نەسلىنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان، ئىنسان ۋۇجۇدىدىن بىر لەھزىمۇ ئايرىلمايدىغان ئۆزگىچە تەبىئەتتە ياراتقان. ئىنساننى مالائىكىلەردەك روھانىي مەخلۇق قىلمىغان ياكى پۈتۈنلەي ھايۋانىي تەبىئەت ئۈستىدە قىلمىغان.

**پەيغەمبەرلەرنى تاماق يېمەيدىغان جەسەت قىلغىنىمىز يوق (يەنى ئۇلار بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش يەيدۇ، ئىچىدۇ) ھەمدە ئۇلار (دۇنيادا ئۆلمەي) مەڭگۈ قالىدىغان بولغىنى يوق (يەنى ئۇلارمۇ بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ۋاپات بولىدۇ).**

—— سۈرە «ئەنبىيا» (21 - سۈرە)، 8 - ئايەت

ئاللاھ تائالا ئىنساننى مانا مۇشۇنداق تەبىئەتتە يارىتىپ، زېمىنغا چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۆز تۈرىنى ساقلىشى ۋە ئۆز رىغبەتلىرىنى قامدىشى ئۈچۈن مۇناسىپ سەۋەبلەرنى ھازىرلىدى، شۇنداقلا ئىنساننى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئورۇنباسار قىلغان زېمىندىكى بايلىقلاردىن بەھرىلىنىشى ئۈچۈن لازىملىق تالانت، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قورال-ۋاستىلەر بىلەن جابدۇتتى.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بارچە شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئۇنى مالائىكىلەردىن ئالاھىدە قىلغان ۋە ئاشۇ ئىلىم بىلەن زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە تەيىن قىلغان.

**ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى.**

— سۈرە «ھۇد» (11-سۈرە)، 61-ئايەت

ئىنساننىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى قامدايدىغان لازىمەتلىكلەر يەر يۈزىدە ھەر خىل شەكىلدە (يەر ئۈستىدە ياكى يەر ئاستىدا ۋە ياكى پەلەكتە) تەلدۇر.

**ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى...**

— سۈرە «جاسىيە» (45-سۈرە)، 13-ئايەت

**رىزىق كاپالىتى ۋە ئەمگەك قىلىش تەقەززاسى**

ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى بارچە جانلىققا رىزىق كاپالىتى بەرگەن.

**يەر يۈزىدىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان.**

— سۈرە «ھۇد» (11-سۈرە)، 6-ئايەت

ئاللاھ تائالا پاك نەرسىلەر بىلەن نېمەتلەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئىلاھىي پەرۋىشى جۈملىسىدىن ھېسابلىغان.

**ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى بىنا قىلدى. سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى. سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى. سىلەرگە (تۈرلۈك) پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.**

— سۈرە «غافىر» (40-سۈرە)، 64-ئايەت

يەنە ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنىڭ بىر نامايەندىسى قىلدى.

**شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.**

— سۈرە «ئىسرا» (17-سۈرە)، 70-ئايەت

بىراق ئاللاھ تائالانىڭ سەۋەب قانۇنىيىتى ۋە مەخلۇقاتلىرىدىكى ھېكمىتى ئۇشبۇ رىزىق-نېمەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇناسىپ زەۋىشتىكى ھالال ئەمگەكنى، پايانسىز يەر يۈزىدە رىزىق ئىزدەپ رىيازەت چېكىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

**ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار، ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.**

— سۈرە «مۈلك» (67-سۈرە) 15-ئايەت

ئاللاھ تائالا ئۆزى ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن رىزىقلىنىشنى ئۆز زېمىنىدا ئىزدىنىپ رىيازەت چېكىش بىلەن سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتە قىلغان. كىمكى رىزىق ئىزدەپ رىيازەت چېكىدىكەن، ئىزدىنىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ نېمەتلىرىدىن رىزىقلىنىشقا لايىقلىشىدۇ، كىمكى تىرىشىپ رىزىق ئىزدىمەيدىكەن، ھورۇنلۇق قىلىدىكەن، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قېلىش نامزاتى بولۇپ قالىدۇ.

**(مۆمىنلەرنىڭ ۋە كۇپپارلارنىڭ) ھەممىسىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا دەرىجىلىرى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ۋە جازاسى (كەم-زىيادە قىلىنماي) تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.**

— سۈرە «ئەھقاف» (46-سۈرە)، 19-ئايەت

ئەمگەك (ئىقتىسادىي پائالىيەت شۇنىڭ ئىچىدە) ئىسلام دىنىنىڭ نەزىرىدە بەجايىكى بىر ئىبادەتتۇر ۋە ئەمەلىي كۈرەشتۇر.

شۇڭا ئىسلام دىنى ئىشلەپچىقىرىشقا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، سودا-سانائەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىقتىسادىي

پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە كىشىلەرگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدىغان، پاراۋانلاشتۇرىدىغان بىرەر مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ياكى مۇلازىمەت ئىچىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى مانا مۇشۇنداق دۇنياۋى ئىشلارغا نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىك، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن، ئىبادەتلەردىن غەپلەتتە قويماسلىقنى شەرت قىلغان ئاساستا بەرىكەت تىلەيدۇ، ھەتتا يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولغانلىرىغا ئىبادەت ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتەك مۇقەددەسلىك مەقامىنى بېرىدۇ. چۈنكى، تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىر تالاي رىيازەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە داۋاملىشىشى، ئەينى جەمئىيەتنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىدا، چاقىرىقلىرىنى يەتكۈزۈشىدە، خىلمۇ خىل زىيانلاردىن مۇداپىئەلىنىشىدە ھالقىلىق رول ئويناپ، چوڭ ـ چوڭ نىشانلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەر بىر شەخسىنىڭ ئۆزىنى (موھتاجلىقتىن، بوزۇقچىلىقتىن، ئومۇمەن خارلىقتىن) پاك تۇتۇشىغا، ئائىلىسىنى ھەر جەھەتتىن قامدىشىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ياخشى قارىيالىشىغا، ئۆز قەۋمىدىن موھتاجلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشىغا، ئۆز قەۋمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىشلىرىغا ھەسسە قوشۇشىغا، ئۆز دىنى ۋە ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشىغا... مەدەت ۋە تايانچ بولىدۇ. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن، دىندا تەشەببۇس قىلىنغان پەزىلەتلەر پۇل ـ مال ۋە ئىخلاس بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ. ھالبۇكى، تىرىشىپ رىيازەت چەككەندىلا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش مۇمكىن.

شۇ ۋەجىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ قۇرئان ـ ھەدىسلەردە پۇل ـ مال ھەققىدە ئىزدىنىپ ھالالدىن رىزىق ئىزدەشكە چاقىرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، سىز ئىزدىنىشكە، تىرىشىشقا بۇيرۇلغان پۇل ـ مال، سىزنىڭ ئۇنى ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىشىڭىز ئۈچۈندۇر.

دەسلەپكى ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمانلار يۇقىرىقىدەك توغرا چۈشەنچىدە بولغاچقا، زېمىننى گۈللەندۈرۈپ، پاك، پاراۋان ھايات كەچۈرگەنىدى. نەتىجىدە، ئەنە شۇلارنىڭ قولىدا ئىلاھىي مەنبەلىك ۋە ئىنسانىي تەبىئەتلىك، ئىلىم بىلەن ئىماننى، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى جەملىگەن، ماددىي تەرەققىيات بىلەن روھىي يۈكسەكلىكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشقا ئاشۇرغان ھەزارەت قەد كۆتۈردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر جامائەنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇلاردىن سورىغان: "سىلەر نېمە ئادەم ؟ ئۇلار: "بىز ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغۇچىلارمىز" دەپ جاۋاب بېرىشكەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : "ياق، سىلەر ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغۇچىلار ئەمەس، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغۇچى دېگەن، زېمىنغا ئۇرۇق چېچىپ، ئاندىن پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلغان كىشىدۇر" دېگەن. ئىمام بەيھەقى ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىدۇكى: "دۇنيادىكى ئەڭ يامان ئىش ئىشسىزلىقتۇر (بىكار يۈرۈشتۇر)".

ھەزرىتى مەناۋى: **"ئاللاھ تائالا ھۈنەرلىك مۆمىننى ياخشى كۆرىدۇ"** دېگەن ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ : "ئىنسان ئۆز دىنىغا مۇناسىپ ياشاش ئۈچۈن، بىرەر يوللۇق ئىش بىلەن مەشغۇل بولمىغاندا، بىكارلىقتىن ئوگايلا شەيتانغا ئەل بولىدۇ، كېيىن تىزگىنلەش قىيىنلىشىدۇ. مەزكۇر ھەدىس شەرىفتە بارچە ھۈنەر ـ كەسىپ، ئىش ـ ئەمگەكتىن قول ئۈزۈپ، ئۆزىنى زاھىتلاردىن دەپ دەۋا قىلغۇچىلار ئەيىبلەنگەن. بۇنداق كىشىلەرنىڭ يا باشقىلار تەلىم ئالغۇدەك بىلىمى يوق، يا كىشىلەر ئەگەشكۈدەك ياخشى ئەملى يوق. بىرەر ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەپ كىشىلەرگە قىلچىلىك نەپ يەتكۈزەلمىگەننى ئاز دەپ، باشقىلاردىن تىلەپ ـ شىلىپ يەپ، كىشىلەرگە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن يۈك بولۇپ يۈرگەن بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ تىرىك ياشىغىنىنىڭ پاك سۈنى بۇلغاشتىن، مال باھاسىنى ئۆرلىتىۋېتىشتىن باشقا مەنپەئەتى يوق".

بەزى تەسەۋۋۇپ شەيخلىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "بىرەر ھۈنىرى بولمىغان سوپى خۇددى ھېچ كىشىگە نەپ يەتمەيدىغان خارابىدىكى ھوقۇشقا ئوخشايدۇ، رەسۇلۇللاھ ئىسلام دەۋىتى ئېلىپ

بارغاندا ئۆز ساھابىلىرىدىن ھېچقايسىسىنى ھۈنەرلىرىنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇمىغان".

دۇنياۋى ھايات ھەر بىر شەخسكە نىسبەتەن مۇھىم بولغانىدەك، جامائەتكىمۇ، بىر قەۋمنىڭ كوللېكتىپ ھاياتىنىڭ سىجىللىقى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. دۇنيادا كىشى باشقىلاردىن نەرسە ياكى ياردەم ئېلىپلا ياشىماسلىقى كېرەك، بەلكى ئۇمۇ تەر تۆكۈشى، ھالاۋەتنى تاقەت بىلەن كۈتۈشى لازىم.

قىسقىسى، مۇسۇلمان كىشى ئۆز ئاخىرىتى ئۈچۈن ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغىنىدەك، دۇنيالىقى ئۈچۈنمۇ ئەمەل قىلىشى زۆرۈردۇر. ئۇ ھەر ۋاقىت پەرۋەردىگارىدىن ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەت تىلىشى كېرەك. شۇڭا دەيمىزكى: مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشى دۇنياۋى زۆرۈرىيەت ۋە دىني ئىبادەتتۇر.

## ھەر ئىشنى تۈجۈپىلەپ قىلىش دىني مەجبۇرىيەتتۇر

ئىسلامدا تەلەپ قىلىنغىنى پەقەت ئەمگەك قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ھەر ئىشنى پۇختا قىلىشتۇر. ئىشنى پۇختا قىلىش — ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئاددىيلا بىر پەزىلەت ياكى ئورۇنلىسىمۇ - ئورۇنلىمىسىمۇ بولىدىغان نەپلە (ئىختىيارى) ۋە ياكى سەل قارىلىدىغان قوشۇمچە ئىشلاردىن ئەمەس، بەلكى ھەر بىر مۇسۇلمانغا بېكىتىلگەن پەرزلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: **"ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەر بىر شەيئىدە تۈجۈپىلەشكە بۇيرۇدى، ئۆلتۈرسەڭلار چىرايلىق ئۆلتۈرۈڭلار، (مال سويۇپ) قۇربانلىق قىلساڭلار (مالنى) چىرايلىق بوغۇزلاڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار تىغىنى ئىتتىك قىلسۇن ۋە قۇربانلىق مېلىنى راھەتلەندۈرسۇن"** (مۇسلىم توپلىغان).

بىلىش كېرەككى، كىمكى ھەر ئىشنى تۈجۈپىلەشكە سەل قارايدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە بۇيرۇغان ئىلاھىي پەرمانغا، ئۆزىنىڭ دىني مەجبۇرىيىتىگە سەل قارىغان بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: **"ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بىرەر ئىش قىلسا، ئۇ ئىشنى** تۈجۈپىلەپ قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ" (بەيھەقى توپلىغان).

قۇرئان كەرىمدىمۇ ياخشى ئىشقا ئەمەس بەلكى ئەڭ ياخشى ئىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەرنى كۆرىمىز.

## بەزى خاتا چۈشەنچىلەرگە ئىزاھ

بەزى دىندار كىشىلىرىمىز بىر قىسىم دىني قىممەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىساد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى خاتا چۈشىنىپ قالغان. مەسىلەن: ئىمان، تەقۋادارلىق، سالىھلىق، دۇرۇسلۇق دېگەندەك.

**(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاسمان-زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق...**

— سۈرە «ئەئراف» (7 - سۈرە)، 96 - ئايەت

**كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ...**

— سۈرە «تالاق» (65 - سۈرە) 2 -، 3 - ئايەت

**بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا "زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ" دەپ يازدۇق.**

— سۈرە «ئەنبىيا» (21 - سۈرە)، 105 - ئايەت

**ئەگەر ئۇلار (يەنى مەككە كۇپپارلىرى) توغرا يولدا بولسا ئىدى، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق (يەنى رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرەتتۇق) ...**

— سۈرە «جىن» (72 - سۈرە)، 16 -، 17 - ئايەت

قۇرئان كەرىمدىكى يۇقىرىقى بايانلارنى بەزىلەر: نوقۇل ھالدا ناماز، روزا، تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر ئېيتىش قاتارلىق دىني ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ۋە ھاراق، قىمار قاتارلىق ھارام قىلمىشلاردىن نېرى بولۇش ... دەپلا چۈشىنىۋالغان. يۇقىرىقىلار ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي بۆلەكلىرىدۇر. بىراق ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى ياكى ئىمان ۋە تەقۋادارلىقنىڭ بارلىق مەزمۇنى ئەمەستۇر.

**جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.**

—— سۈرە «زارىيات»(51 ـ سۈرە)، 56 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ياراتقىنىدەك، ئىگىلىگەن ئىلمى ۋە ئەمگىكى ئارقىلىق ئورۇنباسار بولۇشى ئۈچۈنمۇ ياراتقان.

**مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (ئورۇنباسار) يارىتىمەن.**

—— سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 30 ـ ئايەت

ئىمان، تەقۋادارلىق ۋە دۇرۇسلۇق بىزدىن دىنىمىز بىلەن دۇنيايىمىز ئارىسىنى ئاقىلانە تەڭشىشىمىزنى، ئاللاھقا ئۇنىڭ كائىناتتا بېكىتكەن قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئىبادەت قىلىشىمىزنى، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ئارقىلىق ياشاش مۇھىتىمىزنى ئاسرىشىمىزنى، دېھقانچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قامداشتىن سىرت بايلىق يارىتىشىمىزنى، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ قوش سانائەتتە(ئېغىر ـ يېنىك سانائەتلەردە) ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزنى، قىسقىسى، ئۇممىتىمىزگە دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىدا كېرەكلىك بولغان بارچە ساھەلەردىكى ئىلىم، تەتقىقات، سانائەت... قاتارلىقلارغا ئېرىشىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلام پەقىھلىرى قەيت قىلغان، ئەگەر پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتى سەل قارىسا ھەممىسى گۇناھكار بولىدىغان پەرز كۇپايىدۇر.

ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ھەقىقىي تەقۋادارلىق ئىلىم بىلەن ئەمەل، دىن بىلەن دۇنيا، روھ بىلەن تەن، پىلان بىلەن تۈزۈم، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەرەققىيات ۋە تۇجۇپىلەش بىلەن ۋاپىغا يەتكۈزۈشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان كىشىنى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرقانداق ئىشتا، ھەتتا كەسلەنچۈكنى ئۆلتۈرۈشتىمۇ تۇجۇپىلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:"**كىمكى كەسلەنچۈكنى بىرلا ئۇرۇشتا ئۆلتۈرسە ئۇنىڭغا يۈز ياخشىلىق يېزىلىدۇ، كىمكى ئىككىنچى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرسە ئۇنىڭغا مۇنداق مۇنداق يېزىلىدۇ(يەنى ئاۋۋالقىسىدىن ئازراق ياخشىلىق يېزىلىدۇ)، كىمكى ئۈچىنچى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرسە ئۇنىڭغا مۇنداق مۇنداق يېزىلىدۇ (يەنى ئىككىنچىسىدىن ئازراق يېزىلىدۇ)**"(ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەلەر توپلىغان). دېمەك، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمەس ھېسابلىنىدىغان ئىشلاردىمۇ تۇجۇپىلەش مەتلۇبدۇر.

ساھابە كىراملار دىنىنى راھىبلىق ياكى دەرۋىشلىك دەپ، ئىمان ۋە تەقۋادارلىقنى تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈش ياكى ئىبادەتلەر بىلەنلا ئۆتكۈزۈش دەپ چۈشىنىۋالمىغان.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف دىنىي قېرىندىشى سەئىد ئىبنى رەبىئىنىڭ ساخاۋىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: "مەن تىجارەتچى ئادەم، مېنى بازارغا باشلاپ بېرىڭلار" دېگەن. كېيىن تىجارەت قىلىپ، زەردارلاردىن بولۇپ قالغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھېچقاچان ئىمان ۋە تەقۋادارلىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن ياكى تەقۋادارلارنىڭ سېپىدىن چۈشۈپ قالمىغان، بەلكى ھايات چېغىدىلا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابە كىرامنىڭ بىرى بولغان. يەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى ۋەسىيىتىدە تىلغا ئالغان ئالتە ئەزادىن تەركىب تاپقان ئىزباسار خەلىپە بېكىتىش كېڭەش ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ بىرى بولغان.

ھاسىل كالام، ھەقىقىي مۆمىن كىشىلەر بارچە ئىش ـ ئەمەللىرىدە نەتىجىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە سەۋەب قىلىدىغان، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا ئەڭ ياخشى ئەمەل ئۈچۈن تىرىشىدىغان، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن قوراللانغان تىرىشچان كىشىلەردۇر. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى تىرىشچانلىقلىرىغا بەرىكەت بېرىدۇ، ئاخىرەتتىكى ئەجرىنى زىيادە قىلىدۇ.

مۆمىن كىشى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىش ئۈستىدە ئاللاھتىن قورققانلىقى تۈرتكىسىدە، ھەر بىر ئىشنى تۇجۇپىلەيدۇ. مۆمىن كىشى ئەمگەككە كىرىشىشتە ئۆزىدىكى كەسىپنى سۆيۈش قىزغىنلىقىدىن باشقا، پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇنىڭ (ئىشخانىدىكى، سېختىكى، ئېتىزدىكى ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدىكى) بارلىق ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان چىن ئىشەنچىنى ئۆز قەلبىدىكى مۇقەددەس نازارەتچىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ: "**ئاللاھ تائالا بارلىق ئىشلاردا**

ئېھساننى بۇيرۇدى» (مۇسلىم توپلىغان) دېگەن مۇبارەك سۆزىدىكى «ئېھسان» كەلىمىسىنى يەنە بىر ھەدىس شەرىفتە بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئېھسان دېگەن ئاللاھنى گويا كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرمىغان بىلەن ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»(بۇخارى توپلىغان). ئىش ـ ئەمەللەرنى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بېجىرىش مۆمىن كىشىنىڭ ئىبادەتلەردىلا ئەمەس، بارلىق ئىش ـ ئەمەللىرىنى قىلىش پەيتىدىكى تۇيغۇسىدۇر. چۈنكى مۆمىن كىشىنىڭ ئۆز ئىش ـ ئەمىلىنى ئورۇنلاشتىكى ھەرقاچانقى شوئارى: «مەن(مۇشۇ ئىشنى پۇختا بېجىرىش ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىمنى رازى قىلىۋاتىمەن» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

## ھالال دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش

مۇسۇلمانلار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدە ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەردىن قەتئىي ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. مەسىلەن، ئىستېمال قىلىش ھارام قىلىنغان ئەپيۇن، كوكائىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان زەھەرلىك چېكىملىك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھەرقانداق زىرائەتنى تېرىش مۇسۇلمان كىشىگە جائىز ئەمەستۇر.

ئىشلەپچىقىرىش ھارام بولىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ قەبىھلىرى كىشىلەرنىڭ توغرا ئەقىدىسىگە، ئەخلاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش خاراكتېرىدىكى تۈرلۈك فىلىم، دراما، mtv قاتارلىقلاردۇر. چۈنكى بۇ ساھەدىكى سەلبىي مەھسۇلاتلارنىڭ زىيىنى ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ زىيىنىدىن ھەسسىلەپ ئارتۇق ۋە چوڭقۇر بولىدۇ.

مەلۇمكى، بۇلارنىڭ بىرى تەنگە زىيانلىق بولسا، يەنە بىرى ئەقىلگە خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئالدىنقىسى ئاشكارا تەشۋىقاتلار بىلەن چەكلىنىۋاتقان ۋە ئالدىنى ئېلىش ئورگانلىرى ئارقىلىق تىزگىنلىنىۋاتقان بولسا، كېيىنكىسى قارشىلىقسىز كېڭىيىۋاتقان ۋابادۇر، ئالدىنقىسىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىۋاتقان، بارچىنىڭ قارغىشىغا ئۇچراۋاتقان بولسا، كېيىنكىسىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئاشكارا مەدھىيىلىنىۋاتقان شەيتاندۇر.

ھالبۇكى كېيىنكىسى كىشىنى ھاراقسىز مەست قىلىپ، زەھەرلىك چېكىملىكسىز دەلدۈش قىلالايدۇ، ئۇ كىشىنى جىسمانىي ئۆلۈمدىن ئىلگىرى ئۆلتۈرۈشكە تامامەن قادىردۇر.

ئەنە شۇنداق مەنىۋى زەھەرلەرنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئەينى جەمئىيەت ئالدىدا جىنايەتچىلەردۇر، تاڭلا مەھشەردە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا جاۋابكارلاردۇر.

**ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن ... ئۇلارنىڭ جاۋابكار بولىدىغىنى نېمىدېگەن يامان!**

—— سۈرە «نەھل»(16 ـ سۈرە)، 25 ـ ئايەت

(داۋامى بار)

(ئاپتور: ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ھاجەت قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى

ياقۇپ ھەمدۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى پاكىزلىقنى تەكىتلەپ، مۇسۇلمانلارنى پاك ـ پاكىزە بولۇشقا، ئەۋلادلارنى ياخشى تازىلىق ئادەتلىرى بىلەن تەربىيلەپ، ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىدا يىلتىز تارتقۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان پاك، ساغلام دىن. ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك دەستۇرى مۇقەددەس قۇرئان كەرىمدە جانابىي تائالا مۇنداق دېگەن:

**ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.**

ـــ سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 222 ـ ئايەت

ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىسى، يېتەكچىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ، ئاللاھ پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ" (تىرمىزى توپلىغان). "پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى" (مۇسلىم توپلىغان) دەپ تەلىم بەرگەنىدى. يۇقىرىقى ئايەت كەرىم، ھەدىس شەرىفلەردىن پاكىزلىقنى سۆيگەنلەرنى ئاللاھ سۆيىدىغانلىقى، پاكىزلىقنى سۆيگەندە ئاللاھقا يېقىنلاشقىلى بولىدىغانلىقى، پاكىز بولغاندىن كېيىن قىلغان تائەت ـ ئىبادەت، دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغانلىقىنى، ئەكسى ھالدا ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىۋالالايمىز. بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئىكەنمىز، چوقۇم پەرۋەردىگارىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىيورۇقى بويىچە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى بارلىق پائالىيەت، ئىش ـ ھەرىكەتلەردە ئاللاھنىڭ ئەمرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بويىچە تازىلىق ئەدەپلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىشىمىز، ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىمىز چەكلىگەن ناپاك ئىشلاردىن يېنىشىمىز لازىم.

تۆۋەندە ھاجەت(تەرەت) قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى ھەققىدە توختىلىمىز:

1. ئەۋرەتنى يېپىش پەرز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجەتنى ئادا قىلىشتا چوقۇم خالا جايغا كىرىش كېرەك. دالىدا بولسا ئادەم كۆرۈنمەيدىغان يىراق، خالىي جايغا بېرىش كېرەك. **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجەت قىلماقچى بولسا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن يىراق جايغا باراتتى** (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان)، خالا جاينى(ھاجەتخانىنى) خالىيراق جايغا چوڭقۇرراق ئويۇپ، تۆت تېمىنى تۇرغۇزۇپ، ئۈستىنى يېپىپ، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ھەم يېپىلىدىغان قىلىپ سېلىش، تەرەت قىلىدىغان خاس ئورۇننى پاكىز تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. بەزى يېزا ـ قىشلاقلاردا ھاجەتخانا سالمايدۇ. خالىغانچە تام كەينلىرىدە، كوچىكىلەردە ئولتۇرۇۋېرىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئەۋرەتنى يېپىشقا ئامالسىز قالىسىز، تەرەت قىلىشقا قولايسىز، نىجاسەتنىڭ كىيىمگە چاچرىشى، يۇقۇپ قېلىشىدىن خالىي بولالمايسىز. مۇھىت بۇلغىنىشى ئېغىر بولىدۇ. مۇھىت بۇلغىنىشى ئېغىر بولسا ھەر خىل كېسەل مىكروبلىرى، باكتېرىيىلەر يامراپ كېسەللىك ئاپەت پەيدا قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىگە مۇخالىپ كېلىپ قالىدۇ. ھاجەتخانىسى يوقنىڭ ھاياسى يوق، ھاياسى يوقنىڭ ئىمانى كەمتۈك.

ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلەر

2. ھاجەتخانىغا كىرىشتە سول پۇت بىلەن كىرىمىز. ‹‹ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ئى ئاللاھ، ساڭا سېغىنىپ بارلىق ئەركەك ـ چىشى جىنلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن›› دەپ ئوقۇپ ئاندىن كىرىمىز. ھاجەتخانىدىن چىققىچە ئوڭ پۇت بىلەن چىقىپ، ‹‹ئى ئاللاھ، سېنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن›› ياكى ‹‹ماڭا لەززەتنى تېتىتىپ، قۇۋۋەتنى تېنىمدا قالدۇرغان زىيانلىقنى تېنىمدىن چىقىرىۋەتكەن ئاللاھقا شۈكرى›› دەپ ھەمدۇ سانا ئوقۇپ چىقىمىز، ھاجەتخانىدىن چىقىپلا قولنى پاكىز يۇيۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

3. ھاجەتخانىغا كىرگۈچى ئاللاھنىڭ نامى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئايەت، ھەدىس، دۇرۇت، دۇئالار پۈتۈلگەن نەرسىلەرنى، ئۇلۇغ كىتاب، ئەزىز نەرسىلەرنى، سىرتتا قويۇپ كىرىش لازىم. **‹‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈزۈكنىڭ نامى ئويۇلغان ئۈزۈك سېلىۋېلىپ يۈرەتتى، ھاجەتكە ئولتۇرغۇچە ئۈزۈكنى ئېلىۋېتەتتى››** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس). پەيغەمبىرىمىز بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىمىز.

4. تەرەتكە ئولتۇرغۇچە كىيىملەرنىڭ نىجاسەتكە بۇلغىنىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش، ئۇززۇن پەلتو، جۇۋىلارنى سىرتتا سېلىۋېتىش، كۆڭلەك ۋە ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنى قايرىۋېتىپ خالانىڭ خاس جايىغا دۇرۇس ئولتۇرۇش لازىم. سىرتىغا، يانلىرىغا تەرەت قىلىش ئەدەپسىزلىك ھەم ئېغىر گۇناھ. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: **‹‹ئۇ ئىككىسى ئازابلىنىۋېتىپتۇ. ئۇلار چوڭ ئىش سەۋەبلىك ئازاب چېكىۋاتقىنى يوق، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز سۈيدۈكىنىڭ كىيىمگە تېمىپ كېتىشىدىن ساقلانمايتتى. يەنە بىرى، كىشىلەر ئارىسىدا سۆخەنچىلىك قىلاتتى››** دېگەن(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). نىجاسەت يۇقۇشتىن، تېمىپ قېلىشىدىن ساقلانمىساق، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قەبرە ئازابىدىن، قىيامەت ئازابىدىن ساقلىنالمايمىز. شۇڭا ھاجەتكە بارغاندا ئۆرە تۇرۇپ تەرەت قىلىش چەكلىنىدۇ. چوقۇم ئولتۇرۇپ تەرەت قىلىش، خاس جايغا دۇرۇس ئولتۇرۇپ تولۇق سىيىپ تۈگىتىش، ئالدىرىماسلىق لازىم. دالىدا ئولتۇرغاندا قاتتىق تاش، قاتتىق يەرگە سىيىشكە، شامالغا قارشى سىيىشكە بولمايدۇ. تۇپراقنى يۇمشىتىپ، سۈيدۈكنىڭ چاچراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەرەت قىلىپ بولغاندا نىجاسەتنى كۆمۈۋېتىش كېرەك. بۇ تازىلىق ئۈچۈن، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

قىسمەن ياش قېرىنداشلىرىمىز خالىغان جايغا بېرىپ ئۆرە تۇرۇپلا سىيىدۇ، سىيىپ بولۇپلا تازىلىق قەغىزىنى تۇتمايلا، ئوڭ قولدا تۇتۇپ بىر ئىككى سىلكىۋېتىپ ئىشتاننى ئېتىپ كېتىۋېرىدۇ. بۇنداق سىيىسىڭىز سۈيدۈك ھەم چاچرايدۇ، ھەم تېمىپ كېتىدۇ. يېنىڭىزغا كەلسە تېكىدەك سۈيدۈك پۇرايدۇ. پاكىز بولمىغان كىيىمدە قىلغان ئىبادىتىڭىز، دۇئا ـ تىلىكىڭىز مەقبۇل بولمايدۇ. زىيىنىنى بۇ ئالەمدە، قازاسىنى ئۇ ئالەمدە تارتىسىز.

5. ھاجەتخانىدا ئولتۇرغاندا ئالدى ـ ئارقىمىزنى قىبلە تەرەپكە قارىتىشقا بولمايدۇ. ھاجەتخانا سالغاندا ئولتۇرۇش يۆنىلىشىنى قىبلىگە قارىتىش چەكلىنىدۇ. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **‹‹سىلەر چوڭ-كىچىك ھاجەت قىلغان چېغىڭلاردا قىبلىگە ئالدىڭلارنىمۇ قىلماڭلار، ئارقاڭلارنىمۇ قىلماڭلار››**. قىبلە پەرۋەردىگارىمىز مۇسۇلمانلارغا بەلگىلەپ بەرگەن مۇقەددەس سەجدە يۆنىلىشىمىز. قىبلىگاھنى قەدىرلەپ، ھۆرمىتىنى قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىز. شۇڭا تەرەتكە ئولتۇرغاندا، ئىستىنجا قىلغاندا، غۇسلى قىلغاندا، ئەۋرەت ئوچۇق چاغدا ئالدى ـ ئارقىمىزنى قىبلىگە قارىتىشتىن ئېھتىيات قىلغىنىمىز ياخشى. ئاسماندىكى قۇياش، ئايمۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى، ئۇلۇغ مۆجىزە بولغاچقا ئاي ـ كۈنگە قاراپ تەرەت قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. پەيغەمبىرىمىز ئىنتايىن ئىلمىي ھەم تەبىئىي تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ بىزگە ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە شۇنداق قىلىشقا ئىلھام مەدەت بەرگەن.

6. ھاجەتخانىلاردا ئەر ـ ئاياللارغا ئايرىم ـ ئايرىم خانە بولۇشى، بىر بۆلمىدە بىرلا ئادەم

ئولتۇرىدىغان، ئەۋرەتلىرى توسۇلىدىغان، بۆلمە ئىشىكلىرى ھەم يېپىلىدىغان بولۇشى زۆرۈر. بىر بۆلمىگە بىر ۋاقىتتا كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىككى ئادەم كىرىپ بىرلىكتە ئولتۇرۇش چەكلىنىدۇ. تەرەتتە ئولتۇرغاندا ئۆزىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ ئەۋرىتىگە، تەرىتىگە قاراشقا بولمايدۇ.

7. ھاجەتخانىدا ئۇزاق ئولتۇرۇۋالماسلىق، گەپ قىلماسلىق، ئايەت، ھەدىس، دۇرۇتلارنى ئوقۇماسلىق، يۆتىلىپ-قېقىلىپ تۈكۈرمەسلىك لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق كۆرسەتمە بەرگەن: **''ئىككى ئادەم بىللە ھاجەتتە ئولتۇرسا(ئايرىم بۆلمىلەردە) ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن ھەم سۆزلەشمىسۇن. ئەگەر شۇنداق قىلمىسا ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلىدۇ''.** پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۆكمى بەرھەقتۇر. قىسمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاجەتخانىغا كىرىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ سۆزلىشىپ، كۈلۈشۈپ كېتىدىغان، تاماكا چېكىپ، كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، بىر-بىرىنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرۈدىغان ئىللەتلىرى بار. ئۇلار نجاسەتنىڭ بەدبۇيىدا بۇسلىنىپ، مىكروب، باكتېرىيىلەر بىلەن دوست بولۇپ، كۈلۈشۈپ، سۆزلىشىپ ئولتۇرىدۇ. بىلىش كېرەككى، ھاجەتخانا مېھمانخانا ياكى باشقا ئىستىراھەت ئورۇنلىرى ئەمەس.

8. تۆۋەندىكىدەك جايلارغا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش چەكلىنىدۇ:

1) چوڭ-كىچىك يوللار، كوچىلارغا، مەسچىت، كىتابخانا، ئىدارە-ئورگانلارغا، ئولتۇراق قورۇلارغا، خارابە ئۆيلەرگە، تام تۈۋلىرىگە؛

2) ئادەملەر، ماللار سۇ ئىچىدىغان بۇلاق ئۆستەڭ، قۇدۇق، كۆل سۇلىرىغا، سۇ بويلىرىغا، كارىزلارغا؛

3) ئادەملەر سايىدايدىغان ئارامگاھ، سەيلىگاھ، باغلارغا، گۈللۈك، مەنزىرىلىك ئوت-چۆپلەرگە، مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخ تۈۋلىرىگە، چېنىقىش مەيدانلىرى، پائالىيەت سورۇنلىرىغا؛

4) ھايۋانلارنىڭ ئېغىل، قوتانلىرىغا، ھاشاراتلەرنىڭ ئۇۋىلىرى، تۆشۈكلىرىگە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''ئۈچ خىل لەنەت قىلىنغۇچى بولماڭلار، سۇغا، يولغا، كىشىلەر سايىدايدىغان جايغا تەرەت قىلماڭلار''** (ھاكىم توپلىغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: **''ئۈچ تائىپە كىشىلەر باركى ئۇلارنىڭ قىلغان دۇئالىرى ئىجابەت بولمايدۇ: خارابىگە ئايلانغان ئۆي ئىچىگە تەرەت قىلغانلار؛ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەرەت قىلغانلار؛ ئات-ئۇلاغلىرىنى بوش قويۇۋېتىپ ئاندىن ئاللاھتىن ئۇنى ساقلاشنى تەلەپ قىلغانلار''**(«سەھىھ ھەدىسلەر»دىن) دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرغاندى.

9. ھاجەتنى ئاياغلاشقاندا سول قول بىلەن ئادالاش، تازىلىق قەغىزى، ئەڭ ياخشىسى سۇ بىلەن تازىلاش كېرەك. قەغەزلەرنى تەكرار-تەكرار سۈرتۈش، تاق تۇتۇش، ئۇزاقراق تۇتۇش، سۈرتۈپ بولغاندا سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىپ يۇيۇش لازىم. بۇ ھەقتە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ئۈلگە كۆرسەتكەن: **''سىلەر تەرەت قىلغاندا ئوڭ قولۇڭلار بىلەن تۇتماڭلار، ئوڭ قولۇڭلار بىلەن تازىلىماڭلار''** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ''پەيغەمبىرىمىز ھاجەتكە بارغاندا مەن بىر قاچا سۇ ئاپىرىپ بەردىم. **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلدى''.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''چىشلىرىڭلارنى مىسۋاك بىلەن تازىلاپ تۇرۇڭلار ۋە تازىلىققا ئادەتلىنىڭلار. تەكرار-تەكرار قىلىنغان مەخسۇس ئىشلارنى تاق قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھ تاق. تاق ئىشلارنى ياخشى كۆرىدۇ''**(«سەھىھ ھەدىسلەر»دىن).

**روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.**

سۈرە«شەمس»(91-سۈرە)، 9-ئايەت

ھاجەتخانىغا تازىلىق ئۈچۈن تازىلىق قەغىزى قاتارلىقلارنى تەييارلاپ قويۇش، سىرتقا چىققاندا يېنىمىزدا تازىلىق قەغىزى ئېلىپ يۈرۈش كېرەك. ھاجەتخانىدا كىتاب، كېرەككە يارايدىغان لاتا بىلەن سۈرتۈشكە بولمايدۇ. سىرتلاردا سۆڭەك، تېزەك بىلەن تازىلاشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق تەۋسىيە قىلغان: **''تېزەك ياكى ئۇستىخان بىلەن تەرىتىڭلارنى تازىلىماڭلار، ئۇ جىنلارنىڭ ئوزۇقىدۇر''** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

نجاسەت يۇقسا ئىكەن، چوقۇم تازىلاش كېرەك. نجاسەتنى ئېغىر نجاسەت، يېنىك نجاسەت دەپ ئىككىگە بۆلىمىز. ئېغىر نجاسەت

دېگىنىمىزگە ئادەمنىڭ نىجاسەت يوللىرىدىن چىققان چوڭ تەرەت، كىچىك تەرەت، مەنىي، مەزى، ۋەدى، ھەيز، نىفاس، ئىستىھازەلەر؛ ئادەم بەدىنىدىن چىققان قان، يىرىڭ، زەرداپ، ئېغىز تولغىچە قۇسقان قۇسۇقلار، ھاراقلار، ھايۋانلارنىڭ قىينى، تېزىكى، ھارام قىلىنغان ماللارنىڭ گۆشى، مېيى، تېرىسى، توڭگۇزنىڭ ھەممە نېمىسى، ئۆي قۇشلىرىنىڭ مايىقى قاتارلىقلار كىرىدۇ. ئېغىر نىجاسەتلەر بەدەنگە، كىيىمگە، نامازگاھقا تەڭگە چوڭلۇقىدا يۇقۇپ قالسا، ئۇنى دەرھال يۇيۇپ تازىلىۋەتمەي ئوقۇغان نامىزىمىز فاسىت(بۇزۇلغان) بولۇپ كېتىدۇ. يېنىك نىجاسەت دېگىنىمىزگە ھالال ئاتالغان ماللارنىڭ سۈيدۈكى، شالى، تەرى، ھارام قۇشلارنىڭ ماياقلىرى قاتارلىقلار كىرىدۇ. يېنىك نىجاسەت بەدەنگە، كىيىمگە تۆتتىن بىر قىسمىدىن ئاز مىقداردا يۇققان بولسا، يۇماي ناماز ئوقۇش جائىز. تۆتتىن بىردىن جىقراق يۇققان بولسا جائىز بولمايدۇ.

يۇققان نىجاسەتنى بەدەندە ياكى كىيىمدە كۆرگەن ھامان پاكىز تازىلاش، يۇيۇش لازىم. نامازنىڭ تېشىدىكى ئالتە پەرزدە بەدەن پاك بولۇش، كىيىم پاك بولۇش شەرت ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. پەرز ئەمەلنىڭ بىرى تەرك ئېتىلسە ناماز فاسىت بولۇپ كېتىدۇ. نىجاسەت ئاياغ كىيىمگە يۇققان بولسا قىرىپ، سۈرتۈپ، يۇيۇپ تازىلاش، ئەگەر كىيىمگە يۇققان بولسا، دەرھال ئۇۋۇلاپ، سۇدا يۇيۇپ تازىلاش، ئىشتانغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت، مەنىي، ھەيز، نىفاس قېنى يۇققان بولسا، دەرھال يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "بىرى بىر قانچە باللارنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دۇئا قىلىپ قويدى، كېيىن بىر كىچىك بالىنى كۆتۈردى. بۇ بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمگە سىيىپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال سۇ ئەكەلدۈرۈپ، سۇنى سۈيدۈك بار ئورۇنغا ئېقىتىپ چايقىۋەتتى، براق يۇمىدى"** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداقمۇ دېگەن: **"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىدىكى مەنىي ئىزنى يۇيۇپ بەردىم، ئۇ ئۇنى كىيىپ ناماز ئوقۇغىلى كەتتى. ئۇ چاغدا كىيىم تېخى قۇرىمىغانىدى"**(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: "بىر ئايال كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: 'ئەگەر بىز ئاياللارنىڭ كىيىمگە ھەيز دېغى يۇقۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟' دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **قولدا ئۇۋۇلاپ، سۇ قۇيۇپ ئۇۋۇلاپ، كېيىن سۇدا يۇيۇپ پاكىز تازىلاپ ئاندىن كېيىن ناماز ئوقۇسا بولىدۇ**، دېدى"(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

مۇقەددەس قۇرئان كەرىمدە سۇبھانە ۋەتەئالا مۇنداق دەپ ئەسكەرتكەن:

**پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمىڭنى پاك تۇت، ئازابتىن(يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول.**

—— سۈرە «مۇددەسسىر» (74 ـ سۈرە)، 3 ـــ 5 ـ ئايەتلەر

**ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.**

—— سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 222 ـ ئايەت

يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە: "ھارام نەرسىلەردىن ساقلان"(«سەھىھ ھەدىسلەر»دىن) دەپ خىتاب قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: **"دىلىڭدا بىر ئاز شۈبھە پەيدا بولسا، دەرھال ئۇنى تەرك ئەت"**(«سەھىھ ھەدىسلەر»دىن) دەپ بۇيرۇغان. تازىلىققا رىئايە قىلىش، پاكىز بولۇش، كىيىمنى پاكىز، رەتلىك كىيىش، ھارام نەرسىلەردىن، نىجاسەتتىن پاك بولۇش ئاللاھنىڭ ئەمرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى.

يېڭى ئەسىرگە لايىق، يۇقىرى ساپالىق، ئەلگە يارامىلىق مۇسۇلمانلاردىن بولۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشىمىز، ھاجەت قىلىشتەك ئادەتتىكى، ئەمما مۇھىم ئىشلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز، يامان ئادەت، ئەسكى ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ پاكىزلىق، ساغلاملىق ئەنئەنىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: مورى ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# مەشھۇر ئۆلىما قاسىم قارى ھاجى مەۋلىۋى

مۇھەممەتجان قۇتلۇق

مەشھۇر ئۆلىما قاسىم قارى ھاجىم مىلادىيە 1904 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە يېڭىئۆستەڭ چېچەكلىك يېزىسىدىكى ئىمىن ئاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1912 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1912 - يىلىدىن 1921 - يىلىغىچە ئۆز يېزىسى يېڭىئۆستەڭدىكى مەھەللىۋى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1921 - يىلىدىن 1932 - يىلىغىچە ئاۋاتتىكى مەشھۇر ئۆلىما ھۇسەيىن قارى ھاجىم، رەھمەتۇللا ھاجىم قاتارلىقلاردا ئوقۇغان.

1930 - يىللىرىدىن ئېتىبارەن قەشقەردە بارلىققا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بىر تۈركۈم تالىپلار بىلەن بىرلىكتە ئىلىم ئىزدەپ 1932 - يىلى چەتئەلگە چىقىپ، 1935 - يىلىغىچە ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدىكى "فەننى فۇرى" مەدرىسىدە ئەينى دەۋردىكى ھىندىستاندا شۆھرەت قازانغان مەشھۇر دىنىي ئۇستازلاردىن ئەشپاقى رەھمان، دىلايىت ئەھمەت، ئابدۇرەھمان فەھمۇل ھۇسەيىن قاتارلىق ئالىملاردا دىنىي ئىلىم ئۆگەنگەن.

1935 - يىلىدىن 1936 - يىلىغىچە ھىندىستاننىڭ "رابىل دارىل ئۇلۇم" مەدرىسگە ئوقۇشقا كىرىپ، بۇ يەردىكى شىببى رەھمەت ئوسمانى، ئابدۇرەھمان ئەمرۇھى، بەدرۇل ئالەم، مەۋلانە سىيىت ھۇسەيىن ئەھمەد قاتارلىق داڭلىق ئالىملاردا تەلىم ئالغان.

1936 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە تۇرمۇش ئۈچۈن ھۈنەر ۋە چەرچىنچىلىك بىلەن مەشغۇل بولغان. 1937 - يىلىدىن 1938 - يىلىغىچە ھىندىستاننىڭ لاھور شەھىرىدىكى "قاسىمۇل ئۇلۇم" مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1939 - يىلىدىن 1943 - يىلىغىچە ھىندىستاننىڭ لەكنەۋ دېگەن يېرىدىكى "مەدرىسى فۇرقانىيە" دە ئۈچ يىل ئوقۇغان ھەمدە بۇ يەردىكى مەسچىتكە ئىمام ۋە خاتىپ بولغان.

1943 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ھىندىستاننىڭ ئەھمەد ئاباد دېگەن يېرىدىكى "فىرى مۇھەممەد شاھ" مەسچىتىگە ئىمام ۋە خاتىپ بولغان ھەمدە قوشۇمچە مەسچىتنىڭ كۇتۇپخانىسىنى باشقۇرغان.

1945 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە ھەج تاۋاپ ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، ھەج ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە شەھىرىدىكى بىر مەدرىستە قارى ھەسەن شائىردىن ئىلمى تەجۋىد(قىرائەت ئىلمى)نى ئۆگەنگەن. يەنە ھىندىستانغا قايتىپ 1946 - يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە ھىندىستاننىڭ سۇرەت دېگەن شەھىرىدىكى بىر مەسچىتتە ئىمام بولغان.

1947 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە دېھلى شەھىرىدىكى بىر مەسچىتكە ئىمام بولغان. 1948 - يىلى 2 - ئايدا ھىندىستاندىكى مەشھۇر شەھەر دىۋبەندىكى بىر مەدرىسكە ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردىكى ھىندىستان بويىچە مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئۇستاز ئەنۋەر شاھ ھەزرەتىنىڭ ھۇزۇرىدا ئوقۇغان. ئوقۇشنى تامام قىلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل ھۈنەر - تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولغان. بىراق ھىندىستان - پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش سەۋەبلىك شۇ يىلى 7 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ، قەشقەر شەھىرىگە كەلگەن.

1948 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە ئۆز يۇرتى يېڭىئۆستەڭدە بىر مەسچىتكە خاتىپ بولغان ھەمدە يۇرت ئىچىدە جامائەتنىڭ ياردىمى بىلەن مەدرىسە سېلىپ، شۇ يەردە مۇدەررىسلىك قىلغان.

قاسىم قارى ھاجى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئىززەت - ئىكرامىنى قىلىدىغان ھەر ساھە ئاممىنىڭ تەكلىپ - تەۋسىيىسىگە ئاساسەن 1954 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ قاسقان بازىرىدىكى مەسچىتكە ئىمام ھەمدە ھېيتگاھ مەدرىسگە مۇدەررىس بولۇپ، ئۆزىنىڭ مول ئىلمى بىلەن نۇرغۇن شاگىرت - تالىپلارغا ئىلىم ئۆگەتكەن.

قاسىم قارى ھاجى ئىمام، خاتىپ بولۇش، مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا كەڭ جامائەت ئىچىدە ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، 1963 - يىلىدىن باشلاپ قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، كېيىن مۇئاۋىن رەئىس، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئالىم - ئۆلىمالىرىمىز

ئۇ 1970 ـ يىللاردىن باشلاپ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپ ـ ئىمامى بولۇپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە كەڭ جامائەتكە ئىسلام تەۋھىد ئەقىدىسى، ئىماننىڭ رۇكنىلىرى، شەرىئەت نىزاملىرى، ئىسلام ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئىسلامدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر توغرۇلۇق مول مەزمۇنلۇق ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى قىلىپ، جامائەت ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

زامانلار مابەينىدە قەشقەردە جۈمە كۈنلىرىدىكى خۇتبە ئەرەب تىلىدا سۆزلىنەتتى. بۇنىڭ مەنىسىنى ئۇقالمىغان جامائەت يېتەرلىك بىلىم ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولالمايتتى. قاسىم قارى ھاجى قەشقەر مەسچىتلىرىدىكى جۈمە خۇتبىسى ۋە كېيىنكى كۈنلەردە ھېيتگاھ جامەسىدىكى جۈمە خۇتبىلىرىنى ئاۋۋال ئەرەبچە ئوقۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى ئۇيغۇر تىلىدا چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۆلگىسى بىلەن قەشقەر شەھىرىدە خۇتبىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئادەتكە ئايلاندى.

قاسىم قارى ھاجى ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر، ئاتاقلىق ئىسلام ئالىمى ئىدى. ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، باردى ـ كەلدى، قۇدا ـ باجىلىق، مەسلىھەت چاي، قولۇم ـ قوشنىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى ھەققىدە تەرغىبات ۋە نەسىھەتلەرنى قىلىپ، بۇ جەھەتتە ساقلانغان ناچار قائىدە ـ يوسۇن، ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش، تېجەشلىك تۇرمۇش، قويۇق دوستانە ـ ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھەققىدە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى، ھەدىس كىتابلاردىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلەپ، جامائەت ئارىسىدا ياخشى ئىنكاس قوزغىغانىدى.

قاسىم قارى ھاجى قەشقەر دائىرىسىدىلا ئەمەس، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىمۇ ئۆزىنىڭ دىنىي بىلىمى، ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۆزىگە خاس نۇتقى، بايان قىلىش ئىقتىدارى، مۇلاھىزە، تەپەككۇر قابىلىيىتى بىلەن نامى چىققان يېتۈك ئىسلام ئالىمى ئىدى.

قاسىم قارى ھاجى قۇرئان كەرىمنى ئۇيغۇر تىلىدا تەپسىر قىلىشنى باشلىغانلىقى بىلەن تونۇلغان، ئۇ 1952 ـ يىللىرىدىن باشلاپلا 30 پارە كالامۇ شەرىفتىكى سۈرە ـ ئايەتلەر ئاخىرلاشقۇچە بىر تەرەپتىن ئەرەبچە ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىدا ئايەتلەرنىڭ ئېنىق تەرجىمىسى ۋە تەپسىرىنى بەرگەن.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا تاقاپ قويۇلغان ھېيتگاھ جامەسى كېيىنچە ئاممىنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن ئېچىپ بېرىلگەن، نۇرغۇن داڭلىق ئۆلىمالار ئىككىلىنىپ، تەشۋىشتە تۇرغان ئەنسىز كۈنلەردە قاسىم قارى ھاجى قەشقەردىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن يۈرەكلىك قەدەم تاشلاپ، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ مېھرابىغا ئۆتۈپ، ئىمام، خاتىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جاراڭلىق قىرائەتلىرى بىلەن مىكروفون بولمىغان شارائىتتىمۇ پۈتكۈل جامائەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ھالدا بەش ۋاق نامازغا يېتەكچىلىك قىلغانىدى.

قاسىم قارى ھاجى بىر تەرەپتىن قەلەم قوۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ يېزىقچىلىقنى باشلاپ، پاكىستانلىق ئالىم شەيخ كىپايىتۇللا ساھىبنىڭ بەش قىسىملىق «تەئلىمۇل ئىسلام» دېگەن ئوردۇ تىلىدىكى چوڭ ھەجىملىك كىتابىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، لېكىن بۇ تەرجىمە ئاشكارا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان. قاسىم قارى ھاجى دىنىي ئىلىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى چەت ئەل تىللىرىنى بىلىشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە قابىلىيەتلىك ئالىملارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا چەت ئەللەردە، بولۇپمۇ ھىندىستاندىكى مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش جەريانىدا ئەرەب، پارس، ئوردۇ قاتارلىق تىللارنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۆز ئانا تىلى — ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان، شۇنداقلا ئوقۇش جەريانىدا تېبابەت ئىلمى توغرىسىدا مول بىلىم مەلۇماتىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە كەسپىي بىلىم، ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرگەن يېتۈك تېبابەت ئالىمى ئىدى.

ئۇ 1957 ـ ، 1958 ـ يىللىرىدىكى قەشقەردىكى دىنىي ساھەدە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ، قەشقەردىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى، ئۇلارنى ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياشاشقا تەشكىللەپ، ھەر خىل ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلاردىكى كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىش، ھالال كەسىپ قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش، بورا توقۇش، سېتكا توقۇش، تانا ـ توشۇك ئېششتەك ھۈنەر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان مەزگىللەردە، قاسىم قارى ھاجى ئۆز ئەۋزەللىكى بىلەن قەشقەردىكى ئالىملاردىن ئابدۇخالىق ھاجى تېۋىپ، سۇلايمان داموللا ھاجى، سەلەي داموللا ھاجى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، مىللىي تېبابەت دورا ياساش كارخانىسى قۇرغان.

قاسىم قارى ھاجى 1960 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن قەشقەر ۋالىي مەھكىمە سەھىيە تارماقلىرى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى رەھبەرلىكى تەشكىللىگەن ئۇيغۇر تېبابىتىگە دائىر قەدىمىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش پائالىيىتىگە باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن قاتناشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئۆلىمالار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتىگە ئاساسەن زور تۆھپە كۆرسەتكەن.

ئۇ ئۈچ توملۇق 2000 بەتلىك ئوردۇ تىلىدىكى «مەخزۇنۇل ھېكمەت» (ھېكمەت خەزىنىسى) ناملىق تېبابەت كىتابىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئۆزى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. يەنە «مەخزۇنۇل فىردات» (يەككە دورىلارنى تونۇشتۇرۇش) ناملىق

كىتابنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ، بۇ كىتابلار ئەنە شۇ قېتىملىق تەرجىمىلىرى ئاساسىدا سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

بىر قانچە قېتىم ئېلىپ بېرىلغان قەدىمىي مىللىي تېبابەت كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا قاسىم قارى ھاجى مەۋلەۋىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ ئەمگىكى شۇ بولدىكى، ئۇ ئۇيغۇر نەسلىدىن بولغان مەشھۇر تېبىبىي ئالىم مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانىنىڭ مىلادىيە 1750 ـ يىلى پارس تىلىدا يېزىلغان 28 بابلىق 300 خىلدىن ئارتۇق كېسەلنىڭ سەۋەبلىرى، ئالامەتلىرى، داۋالاش چارىلىرى، ئىشلىتىلىدىغان دورا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ھەجىملىك «تېببىي ئەكبەر» ناملىق كىتابنى ئۆزى مۇستەقىل ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ، بۇ تەرجىمە كىتاب قىلىنىپ 2005 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن (938 بەتلىك) نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. زامانلار مابەينىدە ئۇيغۇر مىللىي تېبابەت ئىشلىرىدا ئىزچىل يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن قامۇس خاراكتېرلىك بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسى شۇ چاغدا ئۈچ نۇسخا قىلىنغان بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى نەشر قىلىنمىغانىدى. ئەينى دەۋردە قاسىم قارى ھاجىغا كاتىپ بولغان، ئۇنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتى تېۋىپ ھەكىم مۇھەممەد ئېلى ھاجىم مەھمۇدى نۇرغۇن تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇزاقتىن بېرى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن ئەسلى قولىيازمىنى نەشرىياتقا سۇنۇپ، بۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىدە چوڭ رول ئوينىدى.

قاسىم قارى ھاجى مەۋلىۋى مول دىنىي بىلىم ۋە تېبابەت ئىلمى بويىچە نۇرغۇن شاگىرت ـ تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىستېداتلىق ئۇستاز. ئۇ دىنىي ئىلىم بويىچە يېتىشتۈرگەن ئابدۇقادىر ھاجى، ئابابەكرى قارى، مۇھەممەد يۈسۈپ قارى، رەھمىتۇللا ئابدۇللا قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق قارى ـ ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

ئۇ تېبابەت ئىلمى جەھەتتە ئىسمائىلخان ئۆمەر ھاجى، ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجى، مۇھەممەد ئەلى ھاجى قاتارلىقلارغا بىر يىل مابەينىدە «مىزانى تىپ»(تېبابەتنىڭ ئۆلچىمى) ناملىق مەشھۇر كىتابتىن دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ تېبابەت نەزەرىيىسى، تېبابەت ئىلىم ـ مەلۇماتى جەھەتتىن ئالغا بېسىشىغا زور ئاساس ھازىرلاپ بەرگەن ئۇستاز بولغانىدى. بولۇپمۇ ئىخلاسمەن شاگىرتى مۇھەممەد ئەلى ھاجىم مەھمۇدىغا ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ قۇرئان كەرىم تەپسىرى، ھەدىسشۇناسلىق، تىل جەھەتتىن ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىن دەرس ئۆتۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى بىلىمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، تېبابەت ۋە دىن ساھەسىدە ئالغا بېسىپ، قابىل تېبىبىي تەرجىمان ۋە ھەدىسشۇناس بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرگەنىدى.

قاسىم قارى ھاجى كەڭ مەلۇماتقا ئىگە دىنىي ئالىم بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي ھايات، ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى بىلىدىغان، ۋەتەننىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى، جاھاننىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، زامانىۋى ئاڭ ـ پىكىرگە ئىگە مەشھۇر جامائەت ئەربابى ئىدى. ئۇ 1978 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ئافغانىستانغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئافغانىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلغان، مەسچىت ـ مەدرىسلەرنى ۋەيران قىلغان، ئافغانىستان خەلقى ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى باتۇرانە ھالدا قەتئىي قايتۇرما زەربە بەرگەنلىكىدەك دۇنياۋى ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئافغانىستان خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاپ ئېلان قىلغان باياناتىنى ھېيتگاھ جامەسىدىكى بىر قېتىملىق جۈمە كۈنىدە تەنتەنە بىلەن ئوقۇپ، قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنى يېتەكلەپ ئىشغالىيەتچىلەرنى ئەيىبلەپ، قەھرىمان ئافغانىستان خەلقىگە مەدەت بېرىپ خەيرلىك دۇئا قىلغان.

ئۇ قەشقەرگە كەلگەن چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى، سەيلە ـ ساياھەتچىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىشى، ھېيتگاھ جامەسى، قەشقەردىكى تۈرلۈك مەدەنىي يادىكارلىقلار، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەت ۋە دىنىي سىياسەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نازۇك مەسىلىلەرگە دائىر سوئال، سۆھبەتلىرىدە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى چىقىش قىلىپ توغرا جاۋاب بەرگەن.


قاسىم قارى ھاجى 1979 ـ يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ھەج ئۆمىكىگە قاتنىشىپ ھەج تاۋاپ قىلغان ۋە ھەجدىن كېيىن تۆت ئەرەب دۆلىتىدە ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەتتە بولۇپ، باشقا ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۆزئارا ئۆگىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان. ئۇ ئوماندىكى زىيارەت مەزگىلىدە ئومان سۇلتانى قابۇس ئىبنى سەئىدنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

قاسىم قارى ھاجى مەۋلىۋى ئادىمىيلىك پەزىلىتى جەھەتتىن تەقۋا مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن كەمتەر، تۈز كۆڭۈل، سەمىمىي، تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا كىشى ئىدى، كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى، ئىلىم تەلەپ قىلغانلارغا ئىلمىنى ئايىمايتتى، مال ـ دۇنياغا زىيادە بېرىلمەيتتى، بەلكى باشقىلارغا سېخىيلىق بىلەن ياردەم بېرىدىغان مەردانە كىشى ئىدى.

ئۇ 1985 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سەھەردە تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، 81 يېشىدا قەشقەر شەھرىدە ۋاپات بولدى ۋە شۇ كۈنى داغدۇغىلىق ھالدا دەپنە قىلىندى.

(ئاپتور: قەشقەر شەھرىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى — مەدرىسە مۇستەنسىرىييە





ئادىل ھاجى كېرەم

ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇستەنسىر بىللاھ ئەلئابباسى (مىلادىيە 1226 ـ يىلىدىن 1243 ـ يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن) ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان خەلىپىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئون يەتتە يىل ئىچىدە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەت مەيدانغا كەلگەن، باغدادتىكى مۇستەنسىرىيە مەدرىسەسى ئۇنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى ئاستىدا مىلادىيە 1227 ـ يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان، قۇرۇلۇشقا جەمئىي 700مىڭ دىنار سەرپ قىلىنغان، مىلادىيە 1233 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەزكۇر مەدرىسەنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان، مۇراسىمغا مىڭدىن ئارتۇق قوي سويۇلۇپ، ھەرخىل يېمەكلىكلەر ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر تىزىلىپ ناھايىتى چوڭ زىياپەت سورۇنى ھازىرلانغان.

مەدرىسە مۇستەنسىرىييە ئىلمى قۇرئان، ئىلمى ھەدىس، فىقھە، تېبابەتچىلىك ئىلمى ۋە ئىلمى ھېساب قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىتىشكە زور ئەھمىيەت بەرگەن، خەلىپە مۇستەنسىر فىقھە ئىلىملىرىنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس بىنا ئاجرىتىپ، ئەھلى سۈننەنىڭ تۆت چوڭ فىقھە مەزھىپىنىڭ كىتابلىرىنى تالىپلارغا ئوقۇتقان، مىلادىيە 1067 ـ يىلى قۇرۇلغان تۇنجى ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى —— نىزامىيە مەدرىسەسى ئەشئەرىييە مەزھىپىنىڭ ئەقىدە ئىلمىنى، شۇنداقلا شافىئىي فىقھە مەزھىپىنىڭ كىتابلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشەببۇس قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ ئۇنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋە نىزام ـ تۈزۈملىرى كېيىن نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ، جۈملىدىن ياۋروپادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تەقلىد قىلىش ۋە تەتبىقلاش ئۈرنىكى بولۇپ قالغانىدى. 300 يىلغىچە داۋام قىلغان نىزامىيە مەدرىسەسى ئۆزىنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرى بىلەن مىلادىيە 1335 ـ يىلى مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خەلىپە مۇستەنسىرىييە بۇ جەھەتتە ياخشى باشلىنىش ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان سالىھىييە مەدرىسەسىمۇ تۆت چوڭ فىقھە مەزھىپىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇتىدىغان بولغان، ئاندىن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خەلىپىسى مۇئتەسىمنىڭ ئايالى مىلادىيە 1251 ـ يىلى مەدرىسە بەشىرىييەنى قۇرۇپ، ئۇنى مەدرىسە مۇستەنسىرىييەگە قوشۇۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن تۆت چوڭ فىقھە مەزھىپىنىڭ


ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتلىرى


كىتابلىرى ئوقۇتۇلىدىغان مەدرىسىلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلانغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسى ئىسلام مەدرىسە مائارىپى تارىخىدىكى تۆت چوڭ فىقھە مەزھىپىنىڭ كىتابلىرى تەڭ ئوقۇتۇلۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان تۇنجى ئىسلام مەدرىسەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىدىن باشقا مەزكۇر مەدرىسە يەنە تېبابەتچىلىك ئىلمى، ئىلمى قۇرئان ۋە ئىلمى ھەدىس ئۈچۈنمۇ ئايرىم ئوقۇتۇش بىنالىرىنى تەسىس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەدرىسە ئىلمى قۇرئان، ئىلمى ھەدىس، تۆت چوڭ فىقھە مەزھىپىنىڭ كىتابلىرى، ئەرەب تىلى، تېبابەتچىلىك ئىلمى ۋە ئىلمى ھېساب قاتارلىق ئىلىملەرنى ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال مەدرىسە بولۇپ شەكىللىنىپ، ئىلگىرىدىكىدەك تېبابەتچىلىك ئىلمىگە ئايرىم مەدرىسە تەسىس قىلىدىغان ئۇسۇلدىن تۈپتىن پەرقلەنگەن.

مەدرىسە مۇستەنسىرىييەنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ چوڭ ئەربابلىرىدىن مەخسۇس تاللانغان، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىراق، شام ۋە مىسىردىن كەلگەن چوڭ ئالىم - ئۆلىمالار ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارغا يەنە ياردەمچى مۇدەررىسلەر تەيىنلەنگەن، تالىپلار مەخسۇس تاللانغان، ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا ھەربىر فىقھە مەزھىپىگە خاس بولغان ئۇستازنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىككى، سول تەرىپىدە ئىككى ياردەمچى مۇدەررىس ئولتۇرۇپ، ئۇلار ئۇستاز تالىپلارغا ئۆگەتكەن فىقھىي بىلىملەرنى تىڭشاش، ئاندىن تالىپلارغا قايتىدىن تەكرارلاپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. مەدرىسەگە يەنە مەخسۇس تېبابەتخانا قۇرۇلغان بولۇپ، تېبابەتچىلىك ئىلمى ئاشۇ تېبابەتخانىدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇتۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىمارلارنى داۋالاش ئىشلىرىمۇ تەڭ ئېلىپ بېرىلغان.

خەلىپە مۇستەنسىرىييە مەزكۇر مەدرىسە ئۈچۈن زور مەبلەغنى ۋەقفە قىلىپ، تالىپلارنى يېمەك - ئىچمەك، ياتاق، تۇرمۇش خىراجىتى ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىگەن، ئالىم - ئۆلىمالار، ئۇستاز - مۇدەررىسلەرنىڭ تۇرمۇش راسخوتى ۋە تۇرالغۇ جايىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان. خەيرى - ساخاۋەت ئەربابلىرىمۇ مەدرىسەنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلەرنى ۋەقفە قىلىپ، مەدرىسەنىڭ يىللىق كىرىملىرىنى زور دەرىجە ئاشۇرۇپ بەرگەن. ئېيتىلىشىچە مەدرىسەنىڭ يىللىق كىرىمى 70مىڭ مىسقالدىن ئارتۇق ئالتۇن قىممىتىگە يەتكەنىكەن. مەدرىسە مۇستەنسىرىييەدە يەنە مەخسۇس قىرائەتخانا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 80مىڭدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانغان، ئۇستاز - مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلارنىڭ بۇ مول بىلىم خەزىنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى قىزىقىدىغان ئىلىم - بىلىملەر ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە ناھايىتى ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىلگەن.

مەدرىسە مۇستەنسىرىييە مىلادىيە 1233 - يىلىدىن 1638 - يىلىغىچە بولغان تۆت ئەسىر ئىچىدە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ ناھايىتى چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، ئەمما موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ باغدادقا تاجاۋۇز قىلىشى (مىلادىيە 1258 - يىلى) سەۋەبى بىلەن مەزكۇر مەدرىسە ئوقۇتۇشنى بىر يىلدەك توختىتىپ قويغان، ئاندىن تېمۇرلەڭنىڭ باغدادقا ئىككى قېتىم زوراۋانلىق - تاجاۋۇزچىلىق قىلىشى(مىلادىيە 1392 - يىلى بىلەن 1400 - يىلى) سەۋەبىدىن مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسى قاتارلىق مەدرىسەلەر تاقىلىپ، بىرمۇنچىلىغان ئالىم - ئۆلىمالار مىسىر ۋە شام قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىگە كېتىپ قالغان، بىر قىسىم ئەدىبلەر، مېمارچىلار، ئالىم - ئۆلىمالار تېمۇرلەڭنىڭ قوشۇنى بىلەن سەمەرقەندكە ئېلىپ كېتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەدرىسەدىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئىككى ئەسىرچە توختاپ قېلىپ، مىلادىيە 1589 - يىلىغا كەلگەندە قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مىلادىيە 1638 - يىلىغا كەلگەندە رەسمىي تاقالغان.





# كېرىيە دۆڭ مەدرىسە مەسچىتى

مەھمۇدجان سىدىق

بەدۆلەت زامانىدا كېرىيىنىڭ بازار ئىچى ھېيتگاھقا مىرمۇھەممەت ھاجىمنىڭ ئارزۇسى ۋە مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن قۇرۇلغان دۆڭ مەدرىسە كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، قۇرۇلۇشىنىڭ ھەشەمەتلىكى، ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىقى، ئوقۇتۇش تۈرىنىڭ كۆپ ھەم يېڭىلىقى بىلەن كېرىيىنىڭ مەدرىسە مائارىپىدا يۇقىرى پەللە يارىتىپلا قالماي، ئازادلىقتىن كېيىنكى پەننىي مائارىپقا پۇختا ئاساس سالغان.

مەسچىت-مەدرىسلەر

ھازىرقى ھېيتگاھ مەھەللە كومىتېت تەۋەسىدىكى دۆڭ مەدرىسە مەسچىت دۆڭ مەدرىسەنىڭ مەسچىتى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مىرمۇھەممەد ھاجىم ئۆزبېكىستانىنىڭ مەرغىلان شەھىرىدىن بولۇپ، دىنىي، پەننىي ئىلىمگە كامىل بۇ كىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق مەدرىسەلەرنى تاماملاپ، ئەرەب دۇنياسىدىكى مەدرىسەلەردە يەنە بىر مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا دېڭىز

ئەتراپى، ياۋروپالاردا تىجارەت ئىشلىرى بىلەن كۆپ يۇرتلارنى ئايلىنىش جەريانىدا ئىلغار مەدەنىي تەرەققىيپەرۋەر ئاڭغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر يۇرتلىرىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە زىيارەت ھەم تىجارەت ئىشلىرى بىلەن يۇرت كېزىپ ئاخىرى كېرىيىگە كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا بۇ يۇرتنىڭ چوڭ، سۈيى ئەلۋەك، باغ-ۋارانلىق، قۇشلار ناۋا قىلىپ تۇرىدىغان، پۇقرالىرى ئېتىقادلىق، ھايالىق، مېھرىبان، مەرد ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ مېھرى چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ جاھاننىڭ يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز، نادانلىق، خۇراپىيلىق ئىچىدە نامرات ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەپسۇسلىنىدۇ-دە، بۇ يۇرتقا بىرەر خالىس ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلايدۇ.

ئۇ كۆپ ئويلىنىپ مەڭگۈ ئېقىپ تۇرىدىغان مەرىپەت بۇلىقى—— مەدرىسە بەرپا قىلىشنى لايىق كۆرۈپ، بۇ ئارزۇسىنى مەھكىمە شەرئىگە ئىلتىماس قىلىدۇ. ئىلتىماسى دەرھال تەستىقلىنىپ ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەھكىمە شەرئىدىن مەدرىسە بىنا قىلىشقا يەرلىكلەردىن سىدىق ئەلەم ئاخۇنۇمنى مەسئۇل قىلىپ، ھاجىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلەشكە بۇيرۇيدۇ. جامائەت كۆپ كېڭەش قىلىش ئارقىلىق، مەدرىسەنى دۆڭ مەسچىتنىڭ 12 مو ۋەخپىسىگە بىنا قىلىشنى لايىق كۆرۈشىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى تېرىم بېدىلىك، ئۈجمىلىك ئوراپ تۇرغان يانتاقلىق دۆڭ بولۇپ، يېڭىدىن قۇرۇلۇش قىلىشقا بەكمۇ باب كېلەتتى.

مىرمۇھەممەد ھاجىم يەرنى مۆلۈكىگە ئايلاندۇرۇپ قۇرۇلۇش قىلىش ئۈچۈن ئورنىغا ئۇرۇقلۇق(ئاقيەر كۆلنىڭ ئۈستىدە)دىن 12 مو يەرنى سېتىۋېلىپ دۆڭ مەسچىتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ قۇرۇلۇشنى ئۆزى لايىھەلەپ، بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ، توپا ياغاچ قۇرۇلما، دېرىزىلىك، گەج سۇۋاق، ئوچۇق-يورۇق دەرسخانا(دەرس ئوقۇيدىغان ئۆي)، قارىيخانا(قۇرئان يادلايدىغان ئۆي)، يازلىق مەسچىت، قىشلىق مەسچىت قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئاھادە شەكلىدە كۆن چىقىشقا قارىتىپ سېلىپ، ئالدىنى سالاسۇنلاپ توسۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كۆل(ھازىرمۇ بار) كولاپ، كۆلنىڭ جەنۇب -شىمال ئىككى تەرىپىگە ئۈچ ئاخۇنلۇقۇم ئۈچۈن ئايۋان سارايلىق ئۈچ يۈرۈش تۇرالغۇ، 30 ئېغىز تالىپلار ھۇجرىسى، ئاشخانا، تاھارەتخانا، يەر ئاستى ئاشلىق ئامبىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى سالدۇرىدۇ. كۆلنىڭ چۆرىسى ھەم ئەتراپىنىكى بوش يەرلەرگە ئېرىق ئېلىپ، قاپاق تېرەك، سۆگەت قاتارلىق ئورمان سېلىپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. بۇ جاي كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېرەكلەر ئاينىپ قۇچاققا پاتمايدىغان، قۇشلار ناۋا قىلىپ سايراپ تۇرىدىغان، تالىپلار ئارام ئالغاچ دەرس تەكرارلايدىغان سورۇن، ھاۋالىق باغچىغا ئايلىنىدۇ.

مىرمۇھەممەد ھاجىم مەدرىسەدىن باشقا 60 ئېغىزلىق ساراي، ئاختا خانا سالدۇرۇپ، مەدرىسەگە ۋەخپە قىلىدۇ. ساراي تال بوستانلىق، ھاۋالىق، شارائىتى ياخشى بولغاچقا سودىگەرلەر، چەت ئەللىكلەر، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، تاۋاپچىلار چۈشىدىغان ئاساسلىق سارايغا ئايلىنىپ، مەدرىسەنىڭ پاراۋانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. يۇقىرىقى قۇرۇلۇشلار پۈتكەندىن كېيىن كۆن پېتىشتا تاناي پۇلىدىن، كۆن چىقىشتا قازان كوچىسىغىچە ئەتراپىنى ئۇلىنىڭ كەڭلىكى، ئېگىزلىكى 3 مېتىر، ئۈستىنىڭ پۈتۈپ چىقىش كەڭلىكى 1 مېتىر قىلىپ تام سوقتۇرۇپ، ساراي بىلەن قوشۇپ ئاھادە ئىچىگە ئالىدۇ. تالىپلارنىڭ ئوقۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن كۆلنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدىن توغرىسىغا ئاددىيراق تام سوقۇپ، ساراي بىلەن مەدرىسەنى ئايرىۋېتىدۇ. مەدرىسەگە ئىككى ئورۇنغا دەرۋازا بېكىتىلىپ، دەرس ۋاقتىدا تاقىلىپ، دەرستىن چۈشكەندە ئېچىلىپ، تالىپلارنىڭ تىنچ-خاتىرجەم ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ئاساسلىق دەرۋازىسى ھېيتگاھ يولىغا قارىتىپ ئېچىلغان بولۇپ ھازىرقى ھۆڭ كوچا ئېغىزىغا توغرا كېلىدۇ. دەرۋازىنىڭ كەڭلىكى 6 مېتىر بولۇپ چوڭ ئىككى قانات دەرۋازا بېكىتىلىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە 3 قەۋەت 12 مېتىر ئېگىزلىكتە ئەزان خانىسى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. دەرۋازا بىرىنچى قەۋىتىنىڭ ئالدى تېمىغىچە پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، بىرىنچى قەۋىتىنىڭ قالغان ئۈچ ئەتراپى غوزا قىيمىلىق يېرىم سالاسۇنلۇق ھۇجرا شەكلىدە چىقىرىلىپ، مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ ئارامگاھى قىلىنىدۇ. ئىككىنچى قەۋىتى ئاستى تاختاي، تۆت ئەتراپى يېرىم سالاسۇنلۇق ئەزانخانا بولۇپ، ئىككى شوتا بىلەن چىقىلىدۇ، ئۈچىنچى قەۋىتىگە تاختىدا مىخلاپ گۈمبەز ياساپ، سېغىز گەج بىلەن مېھراب شەكلىدە سۇۋاپ، ئۈستىگە ئاي يۇلتۇزلۇق ئۈچ چىقىرىلغان ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆركەم گۈمبەز ياسىلىدۇ. بۇ يەردە ئوقۇلغان ئەزان بەشتوغراققىچە ئاڭلىنىدۇ. يەنە بىر دەرۋازىسى مەدرىسەگە سۇ كىرىدىغان تاختاي ئېرىق ئۈستىگە قويۇلغان كىچىكرەك دەرۋازا بولۇپ ئادەتتە كۆپ ئېچىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاختا كۆۋرۈكتىن باشلاپ قازان كوچىسىغىچە ھېيتگاھ يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە

ئۆي سېلىنىپ، مەدرىسەگە ۋەخپە قىلىنىپ، ناماز ۋە روزىسى جايىدا، دۇرۇس كىشىلەرگە 4 ـ 5 چارەك(1 چارەك 8 كىلوگرام) قوناقتا ئىجارىگە بېرىلىپ، چىققان ئاشلىق تالىپلارنىڭ تەمىناتىغا ئىشلىتىلىدۇ.

مەدرىسە تەدرىجىي گۈللىنىپ قازى ئەلەم مەمتىز ئاخۇنۇم مۇدەررىس، ئاۋلا ھاجىم مۇدەررىس، مەتنىياز ھاجى ئاخۇنلۇقۇم، ياسىن قارىم قاتارلىق شۆھرەتلىك دىنىي ئالىم ـ ئۆلىمالار مۇدەررىسلىك قىلىدۇ. مەدرىسەگە مەھكىمە شەرئىيدىن مەخسۇس 7 نەپەر مۇدەررىستىن باشقا يەنە خاتىپ، ئىمام، مەزىن ئاخۇنۇم تەسىس قىلىنىپ، مەدرىسەنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ھەم دىنىي پائالىيەتلىرىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ. مەدرىسەدە قۇرئان، ئىلمىي سەرف، ئىلمى نەھۋى، ئىلمى فىقھى، شەرھۇل ۋىقايە، مىشكاتۇل مەسابىھ، ئىلمۇل مەنتىق، مىفتاھۇل ئەدەپ، قازى بەيزاۋى، ھۇججەتۇل بالىغە قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتىلىدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، مەدرىسەدە خەت يېزىش، ئوقۇشنى ئۆگىنىش، دىنىي كىتابلاردىن باشقا كىتابلارنى كۆرۈش بىدئەت دەپ قارىلىدىغان خۇراپىي قاراش مىرمۇھەممەد ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇزۇپ تاشلىنىپ، ھېساب، ئىلمىي خەت ئۆگىنىلىپ ھەم ئۆگىنىشكە يول قويۇلۇپ، تالىپلاردىن خاتىرە قالدۇرالايدىغان، تۈرلۈك ئالاقە ـ ھۆججەتلەرنى پۈتەلەيدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنغان، تالىپلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈرلۈك كىتابلار ئەكەلدۈرۈلۈپ مەدرىسەگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. تالىپلارنىڭ سالامەتلىكى ھەم ئوقۇتۇش مۇھىتىنىڭ پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دەرسخانا، قارىيخانىنىڭ ئاستىغا تاختاي ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە بورا سېلىنىپ، ھەر مېتىر ئارىلىققا مۇۋاپىق ئېگىزلىكتە توغرىسىغا ئۇزۇن شال قويۇلىدۇ، تالىپلار تاھارەت ئېلىپ، جايىنامىزى ئۈستىدە ئازادە ئولتۇرۇپ، ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى شال ئۈستىدە قويۇپ دەرس ئوقۇيدۇ. مەدرىسەدە قىش كۈنلىرى سۈبھۆر ۋاقتىدىن بامداتقىچە، بامداتتىن ناشتىغىچە دەرس تەكرارلىنىدۇ. مۇدەررىسلەر ناشتىدىن پېشىنگىچە دەرس بېرىدۇ. پېشىندىن ئەسىرگىچە، دەرستە ياخشى يېتىشكەن تالىپلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە دەرس تەكرارلىنىدۇ. ئەسىردىن شامغىچە ئىستىراھەتكە قويۇپ بېرىلىدۇ. شامدىن خۇپتەنگىچە يەنە تەكرارلاش ئېلىپ بېرىلىپ، ئاندىن ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلىدۇ. ياز كۈنلىرى ئەتىگەندە دەرس تەكرارلانمايدۇ. مەدرىسەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى خاتىرىلەش، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تۈزۈم ـ تەدبىرلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، كىرىم ـ چىقىمنى دۇرۇس قىلىش، مۇدەررىس، خاتىپ، ئىمام ۋە باشقا خادىملارنىڭ ئەھۋالىدىن تارىخ قالدۇرۇش ئۈچۈن مەدرىسە قۇرۇلغاندا 4 پارچە تۆلى(تارىخچە) تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنى ئاخۇنلۇققا، جامائەتكە، مەھكىمە شەرئىيگە، قازى ئەلەمگە ۋاكالىتەن بىردىن ئادەم تۇتۇپ، ساقلىنىپ كەلگەن؛ ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يىغىۋېلىنىپ "4 كونا" قاتارىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

مەدرىسەگە قەشقەر، خوتەن تەۋەسىدىكى ھەر قايسى يۇرتلاردىن باشقا چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردىن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، دائىملىق تالىپ 100 دىن كەم بولمىغان. مەدرىسە تاقالغىچە بولغان 80 نەچچە يىل ئىچىدە ئوقۇپ چىقىپ كەتكەن تالىپلارنىڭ سانى 8000دىن كۆپ بولۇپ، «جۇڭگو تېببىي قامۇسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قىسمى»، «شىنجاڭ مىللىي تېبابەت قامۇسى» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك قامۇسلارنى يېزىشقا، تۈزۈشكە قاتناشقان، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ پەخرىي باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى، بىر ئۆمۈر ئاۋامنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز كۆرۈپ، ئاددىي، ئەرزان رېتسېپلار بىلەن كېسەل داۋالاپلا قالماي، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭمۇ كېسىلىنى كۆرۈپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ھەم يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلىپ، جۇڭگو، چەت ئەللەردە زور شۆھرەت قازانغان ئالىم ئەھمەت ھاجىم؛ تەكلىپ بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىككى يىل تۇرۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈشكە قاتناشقان، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ئىنگلىز، لاتىن ھەم خەنزۇ تىلىغا پىششىق، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋىراچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ پارس تىلى ئوقۇتقۇچىسى، تىلشۇناس، تەتقىقاتچى، جامائەت ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان تېۋىپ ئوسمان ھاجىم قۇدۇق قاتارلىق ئالىملاردىن باشقا، ھازىرغىچە ناھىيە تەۋەسىدىكى خېلى كۆپ مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان دىنىي زاتلار، ئاساسىي قاتلاملاردا تۈرلۈك تەشكىلىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئۆتەۋاتقان بىر قىسىم

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، دۆلەت ئىشچى-
خىزمەتچىلىرىنىڭ دەسلەپكى ساۋاتى مۇشۇ مەدرىسەدە چىققان.

مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسلىك ۋەخپىسى يۇرت-يۇرتلاردا بولغاندىن باشقا، مۇغاللا، شەنبىبازار، لەڭگەر، گۇلاخما قاتارلىق جايلاردا 100 مو ئاخۇنلۇق ۋەخپىسى، تاغ داشماندا 400 مو خانەندىلىك (تالىپلار ۋەخپىسى) بار ئىدى. ھەر تېرىقچىلىق پەسلى باشلانغاندا تالىپلار مۇدەررىسلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋەخپىلەرگە بېرىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز-ئۆزىنى قامدايتتى. ھۈنەر كەسىپ بىلىدىغان تالىپلار ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ، باشقا تالىپلارنىمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، تۈرلۈك كەسىپي ماھارەتلەرنى ئىگىلەپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامداش، ئىگىلىگەن دىنىي بىلىملىرىنى جان بېقىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالماي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال ياشاپ، ئىبادەتنى خالىس، توغرا قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلەتتى. يۇرت ئاتلاپ كەلگەن تالىپلارنىڭ پۈتۈن چىقىمنى مەدرىسە كۆتۈرگەندىن باشقا، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ قالغان، بېشىغا كۈن چۈشۈپ باشپاناھسىز قالغان بالىلارنى مەدرىسەگە قوبۇل قىلىپ پاناھىغا ئېلىپ ھەقسىز ئوقۇتاتتى. ئىگە-چاقىسىز، يېتىم-يېسىر تالىپلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىقۇۋېلىشقا شارائىتى بار ھاجەتمەن كىشىلەرنىڭ بىقۇۋېلىشىغا بېرىلەتتى ياكى جامائەت باش بولۇپ مۇۋاپىق يەردىن ئۆيلەۋەخپىلەردىن يەر بۆلۈپ بېرىپ، كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇراتتى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا تالىپلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ۋەخپىلەرنىڭ ئاشلىقى يېتىشمىگەنلىكتىن، ۋەخپە كۆپەيتىپ تالىپلارنىڭ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇدەررىس ياسىن قارىم (ئۆزبېكىستانلىق) ۋەخپە كۆپەيتىشكە مۇۋاپىق يەر ئىزدەپ يۈرۈپ توقچاقلىق (ھازىرقى يېڭىباغ يېزىسىنىڭ لەمپە ئۆستەڭ ئەتراپى)نى مۇۋاپىق كۆرۈدۇ. بۇ يەر، بىرەر كىم ئىگىدارچىلىق قىلمايدىغان توغراق، يۇلغۇنلۇق، ياۋايى ھايۋاندىن باشقىنىڭ ئىزىنى ئۇچراتقىلى بولمايدىغان غارا(بۆك باراقسان) قومۇشلۇق بولۇپ، سۇ باشلاپ كېلىشكە مۇۋاپىق بولغاچقا، تالىپلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ، دۆڭلەرنى ئېقىتىپ بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، تالىپلارنىڭ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ھۆكۈمەت بۇ يەرگە كەڭ كۆلەمدە ئادەم يۆتكەپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش مەيدانى ھەم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى قۇرىدۇ. ياسىن قارىم تالىپلىرى بىلەن چاپقان ئۆستەڭگە پۈتۈن مۇغاللا تەۋەسىدىكى دېھقانلاردىن باشقا، مەدرىسەلەردە ئوقۇۋاتقان تالىپلار سەپەرۋەر قىلىنىپ، مۇدەررىسلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە قايتا ''ئازادلىق ئۆستەڭ'' دەپ نام بېرىلىدۇ.

دۆڭ مەدرىسە تاكى 1958-يىلغىچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تالىپلارنىڭ بىر قىسمى تارقاپ كېتىدۇ، كۆپ قىسمى يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇ مەدرىسە ئامبار قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

1980-يىلى مەدرىسە مەسچىتنىڭ نامى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، جامائەت ساقلىنىپ قالغان كونا تاملىقتا بادرا، شاخ-شۇمبا يېپىپ ناماز ئوقۇيدۇ. 1986-يىلى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 300 كۋادرات مېتىر يەرگە پىششىق خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق مەسچىت ھەم نامازگاھ سېلىنىپ، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىشۋاتىدۇ.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



## خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر

### ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ئىسلام تەشكىلاتى ئالىي ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەت يىغىنىغا قاتناشتى

ئۆز خەۋىرىمىز: دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئابدۇل مۇھسىن تۇركىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇسا چېن يۈلۇڭ قاتارلىقلار 2007-يىلى 8-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ئىسلام تەشكىلاتى ئالىي ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەت يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ يىغىن بۇ تەشكىلاتنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنى بولۇپ، يىغىنغا 2006-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 4-كۈنىگىچە ئېچىلغان ئىسلام تەشكىلاتى ئالىي ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا سايلاپ چىقىلغان، رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى قىتئە ۋە رايونلارنىڭ ئىسلام تەشكىلاتىدىن كەلگەن 21نەپەر ئىجرائىي ھەيئەت ئەزاسى قاتناشتى. يىغىن دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى باش شتابى يىغىن زالىدا ئېچىلدى. يىغىندا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى تەكلىپ بەرگەن ئالىي ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ باش كاتىپىنى مۇزاكىرە قىلىش؛ ئالىي ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى مۇزاكىرە قىلىش؛ ئالىي ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە خامچوتىنى مۇزاكىرە قىلىش قاتارلىق توققۇز مەسىلە ئايرىم-ئايرىم قارالدى. رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن يىغىن مەزگىلىدە ئەرەب تىلى بىلەن سۆزگە چىقىپ، ئابدۇللا ئابدۇل مۇھسىن تۈركىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا تەكلىپ قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ھەر قايسى دۆلەتلەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشالىغانلىقىدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى، يىغىننىڭ بارلىق لايىھە ۋە قارارلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىسلام تەشكىلاتى ئالىي ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆزئارا ئالاقىنى كۈچەيتىش ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 8-ئاينىڭ 28-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يىغىننىڭ ھەر تۈرلۈك قارارلىرى ماقۇللىنىپ يىغىن ئاخىرلاشتى ھەمدە يىغىن نامىدىن پادىشاھ ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ۋە ۋەلىئەھد شاھزادە سۇلتانلارغا ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ خەت يازدى. يىغىن مەزگىلىدە، پادىشاھ ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ۋە ۋەلىئەھد شاھزادە سۇلتان ئۆز ئوردىلىرىدا يىغىن قاتناشچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. (ب)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

### جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ”ھاجى مۇھەممەد ئەلى جاڭ جې ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 20يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى“ چاقىردى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2007-يىلى 8-ئاينىڭ 21-كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭ جىڭفېڭ مېھمانخانىسىدا ”ھاجى مۇھەممەد ئەلى جاڭ جې ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 20يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى“ چاقىردى. ھاجى مۇھەممەد ئەلى جاڭ جې(1917-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە ياشىغان)جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىشنى ئاساسلىق پىلانلىغۇچى ۋە ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، ئىككى قارار مۇئاۋىن مۇدىرى(قوشۇمچە باش كاتىپى)، بىر قارار مۇدىرى(1987-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى نامى رەئىس ئاتالغۇسىغا ئۆزگەرتىلگەن) بولۇپ ئىشلەپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە 34يىلدىن ئارتۇق رىياسەتچىلىك قىلغانىدى.

سۆھبەت يىغىنىغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ شۇگاڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن قاتارلىق رەھبەرلەر؛ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان بىر قىسىم كادىرلىرى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان بىر قىسىم كادىرلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ۋە بۆلۈم مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى؛ ھاجى مۇھەممەد ئەلى جاڭ جېنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سەپداشلىرى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋەكىلى بولۇپ 100دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو رىياسەتچىلىك قىلدى.

جياڭ جېنيۈڭ، جاۋ شۇگاڭ قاتارلىق رەھبەرلەر سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلىپ، ھاجى مۇھەممەد ئەلى جاڭ جېنىڭ پارلاق ھاياتىغا يۇقىرى باھا بەردى، ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھاجى مۇھەممەد ئەلى جاڭ جېنىڭ ئۆز كەسپىنى سۆيۈپ، خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك روھىنى ئۆلگە قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئالغا سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى داموللا ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۇەن، مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈيلارمۇ سۆزگە چىقىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قابىل رەھبىرى ھاجى مۇھەممەد ئەلى جاڭ جېنىڭ تەڭداشسىز ھايات مۇساپىسىنى چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئەسلەپ، ئۇنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرى، مىللەتلەر ئىشلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان ئالاھىدە تۆھپىلىرىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا يەنە ھاجى مۇھەممەد ئەلى جاڭ جېنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرىدىن مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، جاڭ لى، نۇئمان ماشيەن قاتارلىقلار، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋەكىلى جاڭ شىنيەن(نەۋرە قىزى) ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىمە ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. سۆھبەت يىغىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللىتىپ ئابدۇرېھىم داموللىنىڭ دۇئا-تىلاۋىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. (ب)

◆قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا دىنى ساھەدە ساقلانغان بىر قىسىم مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدى، رامزان ئېيىلىق دىنى پائالىيەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەمدە بىر قىسىم دىنى زاتلارنىڭ ۋەزىپىسىنى تەڭشەش ئىشى قارار قىلىنىدى. يىغىن ئاخىرىدا باش كاتىپ نىجات غوپۇر كەڭ دىنى زاتلاردىن دىنىي ساھەنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقى كاپالەتلىك قىلىپ، رامزان ئېيىدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال بولۇشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشىنى تەلەپ قىلدى. (نىجات غوپۇر)

◆بۇ يىل 9-ئاينىڭ 7-كۈنى قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي زاتلار يىغىنى ئېچىپ، بۇ يىل قەشقەر شەھىرىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكىسكۇرسىيىگە بارغان دىنىي زات ئابدۇرېشىت قارىمنىڭ تەسىراتىنى ئاڭلاشقا تەشكىللىدى. (نىجات غوپۇر)

◆ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 29-كۈنىگىچە «مىللەت، دىن سىياسىتى لېكسىيە ئۆمىكى»نى جايلاردا لېكسىيە سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇردى. ئۇنتۇق قابىلىيىتى ياخشى پېنسىيونېر كادىرلار، پەن-تېخنىكا خادىمى ۋە دىنىي زاتلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ ئۆمەك بىر ئاي ئىچىدە شەھەرگە قاراشلىق ھەر قايسى يېزا، بازار(مەيدان)، كوچا ئىش باشقارمىسى، ھەتتا كەنتلەرگىچە چۈشۈپ، 8311 (ئادەم قېتىم) دىنىي زات ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلارغا دائىر سىياسەت، قانۇن-نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، شەرتلىك ئورۇنلىنىدىغان ھەج ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن-تېخنىكا بىلىملىرى ھەققىدە 18 مەيدان لېكسىيە سۆزلىدى. بۇ پائالىيەت ئەھۋالى رادىئو-تېلېۋىزىيە ۋە گېزىتلەردىمۇ خەۋەر قىلىنىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىلدى. (ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

◆مارالبېشى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2007-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا 123 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ئەھلى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسىنى ماقۇللىدى. دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق 3-نۆۋەتلىك يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپى بارلىققا كەلدى، 33 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 13 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ئابدۇكېرەم قارى رەئىس، ئەركىن ماموت، سىدىق ئابدۇللا ھاجى، ئەبەيدۇللا ئەمەت ھاجى مۇئاۋىن رەئىس، ئەركىن ماموت باش كاتىپ بولۇپ سايلاندى.

◆قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى خادىملىرى بۇ يىل 8-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە 12 يېزا(بازار)لارغا بېرىپ، «دىن ئىشلىرى نىزامى»دىن لېكسىيە سۆزلىدى، دىنىي زاتلار، ئېتىقادچى ئامما، كادىرلار بولۇپ 1300دىن كۆپ كىشى لېكسىيە ئاڭلىدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## رامزانلىق پائالىيەتلەر

**◆ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۇەن قاتارلىقلار رامزان مۇناسىۋىتى بىلەن خۇلۇداۋ شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ھال سورىدى.** مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۇەن، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇستافا ياڭ جىبو، ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلار 2007-يىلى 9-ئاينىڭ 17-كۈنى (رامزاننىڭ 5-كۈنى) لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇلۇداۋ شەھىرىدىكى گاۋچاڭ مەسچىتىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلاردىن ھال سورىدى. ھال سوراش ئۆمىكىدىكىلەر لياۋنىڭ ئۆلكىسى

دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى باۋ يۇمېي، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇللا لى خۇڭبىن، خۇلۇداۋ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جىياڭ خۇڭۋېي قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا گاۋ چاۋجېنغا يېتىپ كەلگەندە يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۆمەكتىكىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىرىگە بېرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى، بىر نەچچە ئائىلىگە رامىزانلىق ھەدىيە ئاتىدى، گاۋچاۋ مەسچىتىدە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە شام نامىزى ئۆتىدى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ھال سوراش ئۆمىكى يەنە خۇلۇداۋ مەسچىتىنى زىيارەت قىلدى ۋە مەسچىتكە ھادىيە ئاتىدى. پائالىيەت ئاخىرىدا خۇلۇداۋ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى چېن شاۋكۈن قاتارلىق رەھبەرلەر ھال سوراش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە ئىپتارلىق زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. (ب)

**◆ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن ئىپتارلىق بەردى.** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2007-يىلى 9-ئاينىڭ 27-كۈنى كەچتە بېيجىڭ خەلقئارالىق مېھمانخانىدا رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن ئىپتارلىق بەردى. مىسىر، پاكىستان، ئافغانىستان، ئىران،ئالجىرىيە، بەھرەين، بېنگال، ئومان، لىۋان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق ئىسلام- ئەرەب ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى، كونسۇللىرى ۋە خادىملىرىدىن 40تىن ئارتۇق كىشى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى،مەسلىھەتچىلىرى، بۆلۈم مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ مەسئۇللىرى؛ بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ئىپتارغا داخىل بولدى. رامىزان ئېيى باشلىنىش بىلەن بىر مۇنچە ئىسلام -ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئەلچىخانىلىرىمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنى ئىپتارغا چاقىرغانىدى. (ب)

**◆ جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتى تالىپلارنىڭ رامىزانلىق پائالىيىتىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى.** بۇ يىل رامىزان كىرگەندىن كېيىن، مەكتەپ تالىپلارنىڭ كۈندىلىك دەرسىنى تەڭشەپ چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، چۈشتىن كېيىن تالىپلارنىڭ ياخشى ئارام ئېلىشىغا ۋە ۋاقتىنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاشخانا خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ھەر بىر تالىپقا كۈنىگە 12 يۈەندىن تاماق پۇلى قوشۇپ بېرىپ، تالىپلارنىڭ سوھۇرلۇق ۋە ئىپتارلىق تاماق ھەم مېۋە-چېۋە تەمىناتىنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، تالىپلارنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا ئىبادىتىنى تولۇق ۋە ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ رامىزان ئېيىدا مىسىر، لىۋىيە، ئىرانلىق قارىيلارنى تەكلىپ قىلىپ، قىرائەت ۋە تەبلىغ پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى، بۇ ئارقىلىق تالىپلارنىڭ قىرائەت ۋە ئەرەبچە تىل سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى. تالىپلارنىڭ ھەر ئاخشاملىق ئىپتار ۋە تەراۋىھ پائالىيىتىمۇ مول ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رامىزان ئېيىدا يەنە 2006ـــ2007-يىللىق ئوقۇش مەۋسۇمى ئوقۇش مۇكاپاتىنى باھالاش ۋە مۇكاپات تارقىتىش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇردى. رامىزاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى(2007-يىلى10-ئاينىڭ12-كۈنى)كەچتە ئىنىستىتۇت بارلىق ئۇستاز ۋە تالىپلارغا ئىپتارلىق بەردى. ھەر تەرەپلىمە ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، تالىپلار روزا رامىزاننى ساق-سالامەت ۋە تولۇق تۇتۇپ، روزا پەرزىنى كامىل ئادا قىلىۋالدى. (ب)

**◆ مىسىر، لىۋىيە ۋە ئىرانلىق قارىيلار مەملىكىتىمىزدە رامىزانلىق قىرائەتتە بولدى.** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مىسىرلىق ئابدۇل نەبى ھامىد قارىي؛ لىۋىيەلىك ئەلى مۇھەممەد قارىي بىلەن مۇھەممەد ئىبراھىم قارى؛ ئىرانلىق قاسىم مۇقەددەمى قارى قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىدا رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن قىرائەتتە بولدى. لىۋىيىلىك، مىسىرلىق قارىيلار خېيلۇڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك شەھەرلىرىدىكى مەسچىتلەردە كەڭ مۇسۇلمانلارغا قىرائەت قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ قىرائەت پائالىيىتى مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تەجۋىدلىك قىرائەتنى ئومۇملاشتۇرۇش، جۇڭگو- مىسىر، جۇڭگو-لىۋىيە، جۇڭگو-ئىران مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ھەم ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. (ب)

**◆ ئىران ئەلچىخانىسىدا قۇددۇس كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.** ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى مەرھۇم ئايەتۇللا خومەينى 1979-يىلى ئىران ئىسلام ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى بىرىنچى رامىزان ئېيىدا، مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنىنى قۇددۇس كۈنى قىلىپ بەلگىلەپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى پەلەستىن خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە مەدەتكار بولۇشقا چاقىرغانىدى. ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى2007-يىل 10-ئاينىڭ 11-كۈنى قۇددۇس كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ۋە ئىپتارلىق بەردى. مۇسابىقىگە جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىدىن 10نەپەر تالىپ قاتناشتى. پائالىيەت ئاخىرىدا، نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرنى مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈردى. قىرائەت مۇسابىقىسى ۋە ئىپتارلىق

پائالىيەتكە جەمئىيىتىمىزنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەم، مەسلىھەتچىسى شەمشىدىن ھاجى، مۇئاۋىن باش كاتىپى ھاجى بارات رەجەپ قاتارلىقلار قاتناشتى. (ب)

◆ **مۇسۇلمان تىجارەتچىلەر تالىپلارغا ئىپتارلىق بەردى.** بېيجىڭدا ھالال تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆزگە كۆرۈنگەن پەيزاۋاتلىق تىجارەتچى، «شىنجاڭ قەشقەر ئاشخانىسى» نىڭ خوجايىنى ماخمۇتجان ناسىر ئىككى تونۇر كاۋاپ، ئىككى يېشىك قوغۇن، تۈت يېشىك نەشپۈت، يۈز نان، ئۈچ يېشىك ئۈزۈم؛ «روزىباي ئاشخانىسى»نىڭ خوجايىنى روزى مۇھەممەد ئىككى تونۇر كاۋاپ، 4 يېشىك ئۈزۈم، 4 يېشىك نەشپۈت، 100 نان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ئۇستاز-تالىپلىرىغا ئىپتارلىق بەردى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. تالىپلارمۇ رامىزانلىق ئىبادىتىدە ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تېپىۋاتقان تىجارەتچىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن مەدەت تىلەپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلدى. (ب)

◆ **ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئەلچىخانىسى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى تالىپلىرىغا ھەدىيە ئاتىدى.** ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى رامىزان مەزگىلىدە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان 128 نەپەر تالىپنىڭ ھەر بىرىگە 500 يۈەندىن خەلق پۇلى ھەدىيە قىلدى. (ب)

## ئىسلام مائارىپى

◆ گۇما ناھىيىسىدە 2007-يىلى 8-ئاينىڭ 19-كۈنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ تەربىيىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا يېزا-بازارلارنىڭ بىرلىكسەپ، دىن خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، ئىسلام دىنىي شۆبە ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، تالىپ تەربىيىلەيدىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار، تەربىيىلىنىدىغان تالىپلاردىن بولۇپ 180 نەپەردىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى، تالىپلار 8-ئاينىڭ 28-كۈنىگىچە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر سىياسەت، قائىدە-نىزاملار، شىنجاڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەر ھەققىدە لېكسىيە ئاڭلىدى ھەمدە مۇزاكىرە قىلدى. ئاخىرىدا 31 نەپەر دىنىي زاتقا ئىككى يىللىق مۇددەت بىلەن 90 نەپەر تالىپ تەربىيىلەش ۋەزىپىسى بېرىلدى. (ئابدۇلئەھەت ئالىم)

◆ بۇ يىل 8-ئاينىڭ 20-كۈنى مەكىت ناھىيىسى 1-قارارلىق دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 50 نەپەر دىنىي زات قاتناشتى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

◆ ئاقسۇ ۋىلايىتى قاراتال بازىرى يۇقىرىقى غالدىر كەنتىدىكى نىياز ئېلى قارى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغاندىن كېيىن ساخاۋىتىنى ئەلدىن ئايىماي، غالدىر كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 15 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئۈچ كومپيۇتېر ئېلىپ بەردى، كەنتتىكى ئۈچ نامرات ئائىلىگە 10 مىڭ يۈەن، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 5000يۈەن ياردەم قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ يىل ئىلگىرى شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەن بىر نامرات ئوقۇغۇچىغا 1300 يۈەن بەردى ۋە ھەر يىللىق ئوقۇش مەۋسۇمىدە 500 يۈەندىن ياردەم بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇ يەنە يۇرتىدىكى 25 نامرات كىشىنىڭ يەرلىرىنى ھەيدەپ بېرىپ، 11مىڭ يۈەنلىك ھەقنى ئالمىدى.

(سابىت سامساق)

◆ يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازار تۇگمەنبېشى مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى قادىر سېيىت ھاجى يېقىندا ئۆز مەھەللىسىدىكى بەشتە كاپالەتلىك 6 دېھقانغا 10مىڭ يۈەن قىممىتىدە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ياردەم قىلدى. يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازار قارىباغ 6-كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەھەممەتيۇسۇپ ئەمەتنىياز قارى يېقىندا ئۆز مەھەللىسىدىكى 3 نامرات دېھقاننىڭ بىخەتەر ئۆي قۇرۇلۇشىغا 5300 يۈەن قىممىتىدە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ياردەم قىلدى. ئېلىشقۇ بازار دۆڭئېرىق 7-كەنت 2-مەھەللىدىكى روزى مۇسا ھاجى يېقىندا ئۆز مەھەللىسىدىكى10 نامرات دېھقانغا 15 مىڭ يۈەن قىممىتىدە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياردەم قىلدى. ئېلىشقۇ بازار بەشقۇدۇق كەنت 12-مەھەللىدىكى ئابدۇللا توختى ھاجى يېقىندا قامغالىق باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 5000 يۈەن، ئېلىشقۇ بازار ئۈيباغ 8-كەنت 4-مەھەللىدىكى مەمتىمىن ھەسەن ھاجى ۋە ئېلىشقۇ بازار يولچى لەڭگەر 13-كەنت 1-مەھەللىدىكى ئابدۇللا ئابدۇرېشىت ھاجى ئېلىشقۇ بازار مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ھەر بىرى3000 يۈەندىن ئىئانە قىلدى. ئېلىشقۇ بازار بەشقۇدۇق 12-كەنت 1-مەھەللىدىكى ئابدۇرەھمان ئىبراھىم ھاجى يېقىندا كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 540 يۈرۈش پارتا-ئورۇندۇق ياستىپ بەردى. (ئۆمەرجان مۇھەممەدى)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

◆ يېقىندا يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ

ئەزاسى، يەكەن ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەختۇمخان ئىبراھىم يەكەن ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 7500 يۈەن، يەكەن ناھىيە بازىرىدىكى «بۇغدا تېز تاماقخانىسى»نىڭ خوجايىنى ئايشەمگۈل خانىم 5000 يۈەن ئىئانە قىلدى. يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازار بەشقۇدۇق 12-كەنت 1-مەھەللىدىكى دېھقان كارخانىچى مەخمۇت مۇسا يېقىندا مەھەللىسىدىكى 5 نامرات ئائىلىنىڭ يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق بىخەتەر ئۆي سېلىشى ئۈچۈن 15مىڭ يۈەن قىممىتىدە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئېلىپ بەردى. يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازار 16-كەنت 2-مەھەللىدىكى دېھقان ياسىن ئەيسا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 10 نامرات دېھقانغا 15 مىڭ يۈەن قىممىتىدە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ياردەم قىلدى. يېقىنقى مەزگىلدىن بېرى ئېلىشقۇ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە، جۈملىدىن نامرات ئوقۇغۇچىلارغا نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىدىغان ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار بىر-بىرلەپ مەيدانغا كەلدى: ئۇلار ئېلىشقۇ بازار 10-كەنتتىكى ئالدىن بېيىغان دېھقان قادىر توختى (5000 يۈەن)؛ ئېلىشقۇ بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى موللاخۇن (5000 يۈەن)؛ ئېلىشقۇ بازار ئويباغ 8-كەنت 1-مەھەللىدىكى دېھقان كارخانىچى كېرەم سادىر (5000 يۈەن)؛ ئېلىشقۇ بازار بەشقۇدۇق 12-كەنت 1-مەھەللىدىكى ئابلىكىم راخمان (7500يۈەن). يەكەن ناھىيە بازىرىدىكى «چولپان ناۋاسى» رېستورانىنىڭ خوجايىنى تۇرسۇنجان موللا يېقىندا گەيشاڭ تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپىگە 3500 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئۆمەرجان مۇھەممىدى)

## قىسقا خەۋەر

◆ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، كۇچا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، كۇچا ناھىيە كۇچا بازىرى ساقساق ئاق مەسچىتىنىڭ خاتىپى سىدىق مەھمۇت قارىي ھاجى 2007-يىلى 8-ئاينىڭ 1-0-كۈنى 91 يېشىدا ۋاپات بولدى. مەرھۇم سىدىق مەھمۇت قارى ھاجى 1916-يىلى كۇچاردا تۇغۇلغان، پۈتۈن ئۆمرىنى دىنىي ئىلىم ئىگىلەش ۋە ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. مەرھۇمنىڭ دىنىي بىلىمى يۇقىرى، خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتىمۇ يۇقىرى بولۇپ، دىن ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھۆكۈمەتكە يېقىندىن ماسلىشىپ كەلگەن. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا كۇچا خانىقاسى، رەستە مەسچىت ۋە ساقساق ئاق مەسچىتلەردە ئىمام-خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن؛ 1993-يىلدىن 1997-يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى تۆت ناھىيە ئاساس قىلىنىپ كۇچاردا ئېچىلغان دىنىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى ۋە مۇدەررىسى بولغان. ئۇ يەنە بېيجىڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇناسىۋەتلىك يىغىن ۋە ئېكىسكۇرسىيىلەرگە قاتناشقان. مەرھۇمنىڭ نامىزىغا قوشنا ناھىيىلەردىن باشقا يەنە كورلا، تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىن بولۇپ 10مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشتى. (كۇچار ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

◆ يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 45-تۈەن 36 دىنىي زاتنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىللىق سانىغا بېسىلغان «ھەج پائالىيىتىنى قانداق ئادا قىلىش كېرەك؟» دېگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. (ئەخەت ئابلىز)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى مەركەزدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، تىراژى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان پەسىللىك، ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. 2008-يىللىق ژۇرنالنىڭ تاق باھاسى 5 يۈەن، يىللىق باھاسى 20 يۈەن، 2007-يىللىق توپلام 4-سان بىلەن بىرگە تۈپلىنىپ چىقىدۇ، باھاسى ئىلگىرىكىدەكلا 22 يۈەن بولىدۇ. ژۇرنىلىمىز يەنىلا يەرلىك پوچتىخانا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى(شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى) ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 167—58، چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى Q1720، مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2007-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى


مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى.......................(1.4)

ئىسلام دىنى خادىملىرى سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى.................. (1.7)

ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى............. (1.8)

تەپەككۇر بىلەن ئىبادەتنىڭ بىردەكلىكى.................... شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(1.10)

ئۆلۈم ھېكمىتىدىن ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگىچە...................... نەزىرە مۇھەممەد سالىھ (1.15، 3.17)

ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى ...................... ئىمامجان توختى (4.22)

ھەدىس شەرىف ھەققىدە ئومۇمىي بايان .......................... مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى(2.4)

ۋەھيى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ............................. ئىلياس ئىسلامبەك (3.5)

ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى ..................... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (2.12)

قۇرئان كەرىمنى توپا بېسىپ قالمىسۇن ............................ ئابدۇلمەجىد مۇھەممەد (2.17)

ئەزان ۋە تەكبىر(ئىقامەت) توغرىسىدا سوئال جاۋابلار ..................ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا (1.26)

تەيەممۇم توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار......................... ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا (4.25)

سەپەرنىڭ ئەھكاملىرى ۋە ئەدەپ- ئەخلاقلىرى.......................... ئابدۇكېرىم ئوسمان (4.30)

جامائەت نامىزى ھەققىدە سوئال جاۋابلار .......................... ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا (3.25)

جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا سەپلەرنى رۇس قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى...........ئابدۇقادىر ساۋۇت(4.34)

مېيىپلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ..................... مۇھەممەتجان ئىبراھىمجان (2.21)

شەرم-ھايا ۋە نومۇسچانلىق توغرىسىدا .............................. مۇختەر ياقۇپ(2.23)

گۈزەل ئەخلاق ئىنسان زىننىتى ................................ ياقۇپ ھەمدۇللا(2.34)

ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى .......................... ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى(1.39، 4.54 )

قەرز توغرىسىدا.......................................... ئابدۇلۋاھىد خۇدابەردى (2.37)

ئىسلام دىنى ئىناق ئائىلە ۋە جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ...............ئابدۇلئەھەد ھوشۇر(4.38)

ئىسلام دىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن چەكلەيدۇ...................... تاھىر ھاجى قادىر (1.32)

يالغانچىلىق ۋە ساختىلىققا قارشى تۇرۇپ، راستچىللىقنى تەشەببۇس قىلايلى..................... مۇھەممەد ئابدۇكېرىم (2.43)

ئىسراپخورلۇق ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى ................................. ئەمەتجان ئابلىمىت (2.46)

ئېتىقاد ۋە ئەمەللىرىمىزنى ئىلىم ئارقىلىق توغرىلايلى ......................... مۇھەممەد ئابدۇرەھمان جامى (4.51)

ئىناقلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدۇ .............................. شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد (3.36)

ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا................................ ئامانۇللا ھىزبۇللا(4.43)

پەرزەنتلەرنى سەۋرچان، كەڭ قورساق قىلىپ تەربىيىلەش ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى.............. ھەسەن داۋۇت(4.47)

مۇسۇلمانلارنىڭ سورۇن ۋە سورۇنداشلارغا بولغان ئەدەپ-قائىدىلىرى ....................ئىسمائىل ياقۇپ (3.41)

ھاجەت قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى.................................... ياقۇپ ھەمدۇللا (4.62)

ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى— ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى....................... ئادىل ھاجى كېرەم (1.46)

نىزامىيە مەدرىسە........................................... شەمشىدىن ھاجى (2.50)

بەيتۇل ھېكمەت.............................................. شەمشىدىن ھاجى (3.48)

ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى— مەدرىسە مۇستەنسىرىيە ......................... ئادىل ھاجى كېرەم (4.69)

موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى.................................... مۇھەممەتجان قۇتلۇق (2.53)

ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ...................................... مۇھەممەتجان قۇتلۇق (3.53)

مەشھۇر ئۆلىما قاسىم قارى ھاجى مەۋلىۋى............................. مۇھەممەتجان قۇتلۇق (4.66)

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ۋە ئىسلام ئەللىرى.......................... شەمشىدىن ھاجى (1.51)

ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى ۋە ئەرەب ئەللىرى ............................ شەمشىدىن ھاجى (1.55)

ئىسلام دىنى ياپونىيەدە.......................................... ھاجى بارات رەجەپ (1.56)

ئىسلام دىنى تايلاندتا .......................................... ھاجى بارات رەجەپ (1.58)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى.



ۋەكىللەر دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2 ـ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ نىڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.



ۋەكىللەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۈنىڭ «ئىتتىپاقلىشىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئورتاق ھالدا ئىناقلىق بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىماقتا.



ۋەكىللەر گۇرۇپپا يىغىنىدا رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى بەرمەكتە.



رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ئىسلام تەشكىلاتى ئالىي ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا قاتناشقاندا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئابدۇل مۇھسىن تۈركى بىلەن سەمىمىي سۆھبەتتە بولدى.




رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىقلار رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇلۇداۋ شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ھال سورىدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى سىددىق، يۇسۇپ جەۋاد، مۇسا تارتقان)